www.uyghurweb.net

# ئىرادە ۋە تەقدىر

ئەبەيدۇللاھ ئەرتۈرك

## بېغىشلىما

ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىنىڭ خاتىرىسىنى خۇددى كىنو ئېكرانىدىن ئۆتكۈزگەندەك كۆز ئالدىدىن بىرمۇ بىر ئۆتكۈزىدۇ. ھاياتىدىكى تەقدىر ــ قىسمەتلەر، خۇشاللىق ــ شاتلىقلار، قايغۇ ــ ھەسرەتلەر ۋە قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئۇنتۇلماس ۋەقەلەر كۆڭۈل خاتىرىسىگە ئايلىنىپ، ئۆزىنى قايتا بىر قېتىم ئويلاندۇرىدىغان ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ.

ئەبەيدۇللاھ ئەرتۈركنىڭ «ئىرادە ۋە تەقدىر» ناملىق بۇ تارىخى ئەسلىمىسىدە ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، ھەر قايسى تارىخى دەۋرلەردىكى ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر، ئاتاغلىق شەخسلەر ۋە كۆپلىگەن يۇرت ــ ماكانلارنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە بايان قىلىنغان. ئەبەيدۇللاھ ئەرتۈرك، 1918 ــ يىلى شەرقى تۈركىستاننىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئەرتۈرك ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپ ناھىيىسىدە، كېيىن قۇمۇل ۋە ئۈرۈمچىدە دىنىي، پەننىي بىلىم ئالغان. 1940 ــ يىلى ئەرتۈرك ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى رەئىسى، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى، مىللەت ۋەكىلى، ئەرتۈرك ناھىيىسى ھاكىملىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1950 ــ يىلىدىن كېيىن چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ، 1977 ــ يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە كېلىپ ۋەتەنداش بولغان.

«ئىرادە ۋە تەقدىر» ناملىق بۇ كىتاپتا ئەبەيدۇللاھ ئەرتۈركنىڭ روس ۋە چىن كوممۇنىستىك ئىمپېرىيالىزمىغا قارشى كۆرەش ئىرادىسى ۋە بۇ ئىرادىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بېشىدىن ئۆتكەن ئاجايىپ ۋەقەلەر، ئەگرى ــ توقايلىقلار ھەمدە كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەتلەر شۇنىڭدەك تەقدىر ــ قىسمەت نېسىپ قىلغان غېرىپ ــ مۇساپىرلىق ھاياتى ئەمەلىي ۋەقەلەر ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

بىز بۇ كىتاپنى ئوقۇغاندا، گومىنداڭ، شىڭ شىسەي ۋە قىزىل چىن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى ھېس قىلالايمىز. شۇ دەۋردىكى تارىخى ۋەقەلەر، تارىخى شەخسلەر خۇسۇسەن ئاپتورنىڭ بىر ئۆمۈر ھاياتى ئۈستىدە توغرا باھا بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايمىز.

گېنىرال مەھمەت رىزابىكىن

## 1. باب يۇرتۇم

مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئەزىز يۇرتۇم نارىنكىر ياۋروپا بىلەن ئاسىيانىڭ كۆرۈكى بولغان تۈركىستان دىياردا تارىختىن بۇيان چوڭ دۆلەتلەر قۇرۇپ، ئۆچمەس پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى بولغان شەرقى تۈركىستاننىڭ نامى ھەممىگە ئايان. شەرقى تۈركىستاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆركەم تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى قىسمىدا قۇمۇل ۋىلايىتى بار. قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى ئەرتۇرك ( ئاراتۈرك) ناھىيىسىنىڭ غەربى تەرىپىگە بىزنىڭ كەنتىمىز نارىنكىر جايلاشقان؛ نارىنكىرنىڭ شىمالىدا قاراچۆل تاغلىرى، جەنۇبىدا زوركى يېشىللىق تاغلىرى بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى بارىكۆل ناھىيىسىگە ئۇزاپكەتكەن تۈزلەڭلىكنىڭ باش تەرىپىدىكى شوربۇلاق، كوڭىرەك، گازارما دېگەن ئېقىن سۇلارنىڭ ئارىسى نارىنكىر كەنتىدۇر. كوڭىرەك ئېقىنى بىلەن گازارما ئېقىنىنىڭ ئارىسىدا ئاجايىپ ئاپئاق قۇم تاغ بار، قاراچۆل تېغى تەرەپتىن ئۇزىراپ چۈشكەن بىر بەلدەمە تاغ بولۇپ، ئۇ نارىنكىر تېغى دەپ ئاتىلىدۇ. نارىنكىر تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدىكى كىچىك ـ كىچىك بۇلاق سۇلىرى بويىغا سېلىنغان كېسەك ئۆيلەر بىزنىڭ قىشلىق ماكانىمىزدۇر. شوربۇلاق، كوڭىرەك ھەمدە گازارما ئېقىن بويلىرى بىزنىڭ ئەتىيازلىق ۋە كۈزلۈك ماكانلىرىمىز بولۇپ، يېشىل زوركى تېغىنىڭ ياپيېشىل قارىغايلىق ۋە گۈل ـ چېچەكلىك، بۇلاق سۇلىرى شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان جىلغا ـ سايلىرى بىزنىڭ يازلىق يايلاقلىرىمىز بولىدۇ.

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۇزاق تارىختىن بۇيان بۇ زېمىنلاردا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن ياشاپ كەلگەن. قۇمۇل خەلقى، جۇملىدىن ئەرتۇرك

www.uyghurweb.net

ناھىيىسى ئاھالىسى، بولۇپمۇ نارىنكىردىكى ئەجدادلىرىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىي مىراسلىرىغا، گۈزەل ئەخلاقى پەزىلەتلىرىگە ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ۋارىسلىق قىلىپ بۇ يەرلەردە خاتىرجەم، باياشات ۋە ئەركىن ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن ئىدى. بولۇپمۇ، ياز كۈنلىرى يايلاقلىرىمىزدا چارۋىلىرىمىز بەھۇزۇر يايلىسا، يۇرت ئاقساقاللىرى باشچىلىقىدا توي ـ تۆكۈن، مەشرەپلىرىمىز قىزىپ كېتەتتى. سۈت، قايماق، قېتىق، قۇرت ۋە قېمىزلار ئەلۋەتتە مولچىلىق بولاتتى. يۇرت ئەھلى قوي سويۇپ كاۋاپ ۋە قىمىز بىلەن ئوزۇقلىنىپ كۆڭۈللۈك مەشرەپلەر ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. بەزىدە ياشلىرىمىز چوڭلاردىن ھايا قىلىپ ئانچە ـ مۇنچە مەخپىي ھالدا ھاراق ـ شاراپ مەشرەپلىرىنى قىلىپ ئوينايتتى. كېرەكلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى شەھەردىكى تونۇشلىرى ئارقىلىق مال ـ چارۋىغا ئالماشتۇرۇپ يىلدا بىر ھېساب قىلاتتى.

## مېنىڭ ئائىلەم

مەن نارىنكىر كەنتىدىكى كۆرگەن ـ ئاڭلىغان مەشھۇر كىشىلىرىمىزدىن قاسىم دورغا، ئوغلى مۇھەممەد ھاشىم دورغا، ھاشىر ھاجى، سوپۇر دورغا، ئوغلى توختى نىياز مىراقۇل، زاكىر مۇھتەسىپ، سادىق قورمال، خۇدابەردى مىراقۇل، ئىمىن مىراقۇل قاتارلىق زاتلارنىڭ نام ـ شەرىپىنى ئەسلىيەلەيمەن.

مېنىڭ ئۇلۇغ بوۋام قاسىم دورغا بولۇپ، ئۇنىڭدىن تارقالغان جەمەتىمىزنى ئائىلە تارىخى جەدۋىلىدە كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

## ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىم

مەن ئەرتۆرك ناھىيىسىنىڭ نارىنكىر كەنتىدە 1918 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دۇنياغا كەلدىم. بوۋام ھاشىر ھاجى، مومام خەدىسخان، ئاتام ناسىر، ئانام تىمۇرخان بولىدۇ. ئائىلىمىز ئاساسەن چارۋىچىلىق ۋە ئاز تولا دېھقانچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرەتتى. بۇرۇنقى زامانلاردا ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بەكمۇ ياخشى

ئىدى. قۇمۇل ئىنقىلابىدىن كېيىن ۋەيران بولدى. ئالتايدىن بۇ ياققا كەلگەنلەر نارىنكىر خەلقىنىڭ چارۋا ـ ماللىرىنى بۇلاپ ـ تالىدى، بىر قانچە ئادەمنى ئۆلتۈردى.ئائىلىمىزمۇ بۇ قاتاردا بۇلاڭچىلىققا ئۇچراپ ماللىرىمىزدىن ئايرىلىپ، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز ناچارلاشتى.

مەن كىچىك چاغلىرىمدا، يازدا يېشىل زوركى تاغلىرىنىڭ جىلغىلىرىدىكى يايلاقلىرىمىزدا قوزىلارنى ئويناپ چوڭ بولدۇم. ھەركۈنى كىگىز ئۆيلىرىمىزدە تاتلىق ئۇخلاۋاتقىنىمدا، سەھەردە قارىغايلىقتىكى تورغاي، قۇچقاچلارنىڭ يېقىملىق سايرىغان ئاۋازلىرى بىلەن ئويغىنىپ كېتەتتىم. ناشتىلىق چىيىمنى ئىچىپ بولۇپ قارىغايدا قوزىلار بىلەن ئويناپتتىم. پۈتۈن دىققىتىم قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايرىغان ئاۋازىغا ۋە قوزىلارنىڭ ئويناقشىشىغا بېرىلەتتى. قىش كۈنلىرىدە ئەگەر قار ياغمىسا، مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن توپلىشىپ ئويناپتتۇق. شۇ كۈنلەردە مەھەللىمىزدە مەكتەپ بولمىغاچقا، 1923 ـ يىلى بوۋام ھاشىر ھاجى قۇمۇلدىن بىر موللا ئېلىپ چىقىپ مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىنى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇشقا تۇتۇپ بەردى. موللىمىزنىڭ ئىسمى دادامنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش بولۇپ، ناسىر موللام دەيتتۇق. موللام ھەركۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دە ئوقۇشنى باشلاپ، چۈشتە چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن يېرىم سائەت قويۇپ بېرەتتى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن يەنە كەچكىچە ئوقۇش داۋام قىلاتتى. قىشتا ۋە يازدا ھەر تۆرلۈك ئويۇنغا بېرىلىپ كۆنۈپ قالغاندىم. شۇڭا بىردىنلا باشلانغان بۇ ئېغىر تۈزۈم ماڭا بەكمۇ بېسىم بولدى. بۇ تۈزۈمگە ئاخىرىغىچە پەقەت كۆنەلمىدۇق. ئاربدا قۇمۇل ئىنقىلابى قوزغالغان كۈنلەردىمۇ تاغدىن تاغقا كۆچۈپ يۈرگەن بولساقمۇ، يەنىلا ئوقۇشنى داۋام قىلدۇق.مەن بۇ مەكتەپتە ساق سەككىز يىل ئوقۇدۇم.

## قۇمۇل ئىنقىلابى ھارپىسىدا

قۇمۇل ئىنقىلابىغىچە شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىچكى ئىشلىرى ئانچە ئاشكارە ئەمەس ئىدى. ھۆكۈمەت ھەممە ئىشلىرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئېلىپ باراتتى.چۈنكى شەرقى تۈركىستان نامدا خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە كۆپ يىللاردىن بېرى روسىيەنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي تەسىرى

www.uyghurweb.net

ئاستىدا ئىدى. خىتاي ھۆكۈمدارلىرى قىلماقچى بولغان ئىشلىرى ھەققىدە كۆپىنچە خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنى ئەمەس، روسىيە ھۆكۈمىتىنى نەزەردە تۇتاتتى. خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى ئۇزاقتىن بۇيان ئىچكى ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن ئۆزى بىلەن ئاۋارە ئىدى.ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىلىق يىراق، قاتناش قولايسىز بولۇپ، شەرقى تۈركىستانىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ناھايىتى تەسكە چۈشەتتى. روسىيە بولسا جۇغراپىيۋى شارائىتىنىڭ قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ خىتاينىڭ زۇلمى ئاستىدا ئىقتىسادىي، مەدەنىي مائارىپ جەھەتلەردە ئارقىدا قالغان شەرقى تۈركىستان خەلقىگە ئۆزلىرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ھەيران قالارلىق تەرەققىياتلىرىنى سىڭدۈرمەكچى بولۇپ، ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى. روسىيەدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتىمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكىلەردىن روشەن پەرق قىلاتتى. بۇخىل پەرق ۋە ئارىدىكى تەڭسىزلىك، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ ئەھۋال روسىيە ھۆكۈمىتىنى ياخشى پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلار روسىيە تەۋەسىدىكى تۈركىستانلىق بىر قىسىم زىيالىلارنى تاللاپ چىقىپ، پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئىنتىزام بىلەن تەشكىللەپ تەربىيىلىگەندىن كېيىن، مەخپىي خىزمەت ئۈچۈن شەرقى تۈركىستانغا ئەۋەتتى. بۇلارنى تىلى، مەدەنىيىتى ئوخشاش بولغاچقا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. ھەتتا ئۇلار ئۆيلۈك _ ئوچاقلىق بولۇپ كەتكەن. 20 _ 30 يىلغىچە بۇ سىر ئاشكارىلانمىدى. كېيىن چار پادىشا ھاكىمىيىتى ئاغدۇرلۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەرقى تۈركىستانغا قېچىپ چىققان كۆچمەنلەر ئۇلارنىڭ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقىنى ۋە دىنىي بېسىملىرىنى ھەر يەردە سۆزلەپ يۈردى.شۇنىڭدىن باشلاپ شەرقى تۈركىستاندا كوممۇنىزم قورقۇسى ۋە ئۆچمەنلىكى پەيدا بولۇشقا باشلىدى.شۇنداق قىلىپ روسىيە ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستان خەلقى ئارىسىدا ھېچقانداق بىر مۇۋاپىپىقىيەت قازىنالمىدى.شەرقى تۈركىستاندا كىچىككىنە بىر ئىش چىقسا، روسىيە دەرھال ئۆزى تەربىيلەپ كىرگۈزگەن كىشىلىرى ئارقىلىق يوشۇرۇن قول تىقىشقا باشلايدۇ.دەرھال تەتۈر تەشۋىق ۋە ھەرىكەتكە كىرىشىپ، ئۇ ئىشنى چوڭايتىپ ئىنقىلاپقا ئايلاندۇرۇشقا ياكى باشقا بىرەر مەسىلە چىقىرىشقا قەستلەيدۇ.پۇرسەت تېپىپ ئىچكى قىسمىغا كىرۋېلىشقا ياكى تۈرلۈك تەدبىرلەر بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ.سوۋېتلەرنىڭ «ئاجىزلارغا ياردەم بېرىمىز» دېگەن شۇئارى ماھىيەتتە پايدا

www.uyghurweb.net

كېلىدىغان ئىشلارغا قول تىقمىز دېگىنى بولۇپ، ھەرقانداق ياردىمى شۇ مىللەتنى توزاققا چۈشۈرۈش، دۇنياغا ھاكىم بولۇشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت.

1930 ـ يىلىدىن بۇرۇن خىتاي ھاكىمىيىتى ھەددىدىن زىيادە زۇلۇم سىلىۋاتقان بولسىمۇ، روسىيەنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورققان خەلق تاقەت قىلىپ تۇرغان ئىدى.شۇ كۈنلەردە زۇلۇم ۋە ئېزىش چېكىگە يەتكەن ئىدى.جۇملىدىن بىزنىڭ ئەرتۇرك ناھىيىسىدىمۇ ئالۋاڭ ـ ياساقلار ھەسسىلەپ كۆپەيدى.ھەتتا ئوتۇن، ئوت ـ سامان، ھارۋا، ئات، توگىلەرگىمۇ ئالۋاڭ سىلىندى.خەلق بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ھالغا كەلگەندە، 1934 ـ يىلى ئەرتۇركنىڭ شىمالىدىكى نۇم كەنتى خەلقى قوزغىلىپ ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ بەردى.

ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پۈتۈن خىتاي ھۆكۈمرانلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى زۇلۇم بىلەن ئېزىپ كەلگەچكە، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي قامال قىلىنىپ بەكمۇ ئارقىدا قالغان ئىدى.خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شۇ دەۋردىكى شەرقى تۈركىستانغا ئەۋەتكەن ۋالىسى ياڭ زېڭشىڭ چەتەللىكلەرنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى چەكلەنگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ھېچقانداق ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئېرىشەلمەي، ئەكسىچە بارغانسېرى زەيىپلىشىشكە باشلىدى.بولۇپمۇ جىن شۇرىن دەۋرىگە كەلگەندە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشەنچىسى بارغانسېرى يوقۇلۇپ، مال باھاسى ئۈچقاندەك ئۆرلەشكە، خەلقنىڭ نارازىلىقى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى.قۇمۇل ئىنقىلابىنىڭ پارتىلىشىدىكى تارىخى سەۋەپلەرنىڭ بىرى چىرىكلەشكەن ھاكىمىيەتنىڭ رەزىل سىياسىتى بولسا، يەنە بىرى بارغانسېرى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاشقا باشلىغان ئىقتىسادىي ئاساسىنىڭ يوقلىقى ۋە شۇ سەۋەپتىن خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشتىن ئىبارەت ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى جايلاردا يوشۇرۇن ئەۋج ئېلىۋاتقان ھەكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى، شۇنداقلا خەلقنىڭ ئەزگۈچىلەرگە قارشى تولۇپ تاشقان غەزەپ ـ نەپرىتى بولدى.گەرچە جىن شۇرىن ھەكىمىيىتى ئۆز بېشىغا كەلگەن بۇ خىل بۆھران ۋە ۋەيرانچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن باستۇرۇش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چىكىدىن ئاشقان زومىگەرلىكلىرى قۇمۇل ئىنقىلابىنىڭ ئوتىنى ياققۇچى تۇترۇقلۇق رولىنى ئوينىدى، خالاس!

## 2 – باب قۇمۇل ۋەقەسىنىڭ باشلىنىشى

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئەرتۇرك ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا نوم دېگەن بىر كەنت بولۇپ، كەنت باشلىقى سالىھ دورغا دېگەن كىشى ئىدى.ئەرتۇركتە تۇرۇشلۇق خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ جاڭ فامىلىلىك باشلىقى نومغا كېلىپ ئۇنىڭ كېلىنىگە كۆزى چۈشىدۇ ـ دە، خوتۇنلۇققا ئېلىش مەقسىدىدە نومنىڭ سالىھ دورغا باشلىق 7 ـ 8 نەپەر مۆتىۋەرلىرىنى يالغاندىن زىياپەتكە چاقىرىپ زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. بىر كۈن بۇرۇن ئاشپەزگە بىر قۇتا زەھەرنى تۇتقۇزۇپ مېھمانلارنىڭ تاماقلىرىغا ئارلاشتۇرۇشقا بۇيرىيدۇ.ئۇزۇندىن بۇيان بۇ يەردە ياشاۋاتقان، نوم خەلقىنىڭ بەكمۇ قىساسكار ئىكەنلىكىنى بىلگەن بۇ ئاشپەز كېيىنكى ئاقىۋەتتىن قورقۇپ، شۇ كېچىسى سالىھ دورغىنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ ھەمدە 1ـ، 2ـ قېتىم تەخسىدە ئوت ـ ياش قورۇمىلىرى چىقىرىلىپ ھەممە بىرلىكتە يەيدىغانلىقىنى، 3 ـ قېتىم ئايرىم چىنىلەرگە شورپىلىق ئاش چىقىرىلىدىغانلىقى ۋە مېھمانلارنىڭ چىنىسىگە زەھەر سېلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويىدۇ. سالىھ دورغا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال پەلۋانلىرىنى يىغىپ كېڭەش قىلىپ، مۇداپىئە پىلانى تۈزىدۇ.خىتاي ئەسكەرلىرى ئەپيۇنكەش، ھاراقكەش، قىمارۋازلاردىن بولغاچقا، ئۇلاردىن ئانچە چۆچۈپ كەتمەي، قانداق قىلىپ قوراللانغان پەلۋانلار بىلەن ئەتراپىنى قورشاشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ قويۇپ، زىياپەتكە چاقىرىلغانلار بىر ـ بىرلەپ دۈشمەننىڭ شىتابى جايلاشقان زىياپەت زالىغا بارىدۇ ۋە قىلچە چاندۇرماي ئوچۇق ـ يورۇق گەپلىشىپ ئولتۇرىدۇ.بۇ ئارىدا قوراللانغان پەلۋانلار ئەتراپىنى قورشاپ بولىدۇ.شۇ چاغدا مېھمانلار تاماق شىرەسىگە تەكلىپ قىلىنىدۇ.پىلان بويىچە 1ـ ۋە 2ـ كۆكتات قورۇمىلىرى چىقىدۇ، ئۇلار چاندۇرماي يەيدۇ.3ـ قېتىم ئايرىم چىنىلەردىكى تاماق شورپىسى كەلگەندە سالىھ دورغا ئالدىدىكى چىنىنى جاڭنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۇنىڭ چىنىسىنى ئۆزىگە ئالماشتۇرىدۇ.جاڭ ئالدىراپ ئۆزىنىڭ چىنىسىنى تالىشىدۇ.سالىھ دورغا بولسا:« بۇ چىنىدە نېمە بار؟نېمىشقا ئىچمەيسەن؟ ئىچ» دەپ ئۇنى زورلايدۇ. جاڭ:« لەي رىنا!(ئەسكەر كەلسۇن) » دەپ ۋاقىراپ ئىشىك تەرەپكە يۈگۈرەيدۇ.بۇ چاغدا پەلۋانلار بەتلەڭەن مىلتىقلىرىنى تەڭلەپ ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىدۇ.ئۆيدىكى بىر توپ

www.uyghurweb.net

ختاي تىزلىنىپ يىغىلىشىدۇ.پەلۋانلار ئاشپەزدىن باشقا ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشقىرىغا چىقىپ مەھەللىدىكى پۈتۈن ختاي ئەسكەرلىرىنى يوقۇتۇپ، ئەرتۈرككە خەۋەر بېرىدۇ. ئەرتۈركتىكى ئالتە كەنتنىڭ باشكەنتىمۇ ئەرتۈرك دەپ ئاتىلاتتى.ئۈنىڭدىن باشقا كەنتلەر نوم، ئاداق، بارى، تۇركۆل ۋە نارىنكىرلەردۇر. نومنىڭ باشلىقى سالىھ دورغا بولۇپ، ئاداقنىڭ ناسىر مۇھتەسىپ، باينىڭ ئىلى باۋچاڭ، تۇركۆلنىڭ پازىل مۇھتەسىپ، نارىنكىرنىڭ سادىق قورمال بولۇپ، پۈتۈن ئەرتۈركتىكى ئۇيغۇرنىڭ باشلىقى ئابدۇنىياز مىراق بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پۈتۈن كەنتلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، بارلىق پەلۋانلارنى يىغىپ رەشكىللەپ، ئەرتۈركتىكى ئەسكەرلەرگە كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تامامەن يوقۇتۇپ ئەرتۈرك ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىدۇ ـ دە، دەرھال قۇمۇل، باركۆل تاغلىرىدىكى چارۋىچىلارغا خەۋەر بېرىپ، ئۇلار ئارقىلىق پۈتۈن شەرقى تۈركىستان خەلقىنى قوزغۇلۇشقا چاقىرىدۇ.يەنە بىر تەرەپتىن، كۆككۆلدىكى ( جىڭخەيدىكى )مۇسۇلمان تۇڭگانلارنىڭ باشلىقى ما بۇفاڭ ( جىڭخەينىڭ ئومۇمىي ۋالىسى )غا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ، ئەسكىرى ياردەم تەلەپ قىلىدى.

ما بۇفاڭ ئۆزى مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئەسكەرلىرى مەركىزى ھۆكۈمەتكە قاراشلىق بولغاچقا، ئەسكىرى ياردەم بېرەلمەيتتى.ئەمما، ئۇ تاغلىق رايوندا قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىۋاتقان ما جۇڭيىڭغا ۋەكىللەرنى ئەۋەتىدۇ، ۋەكىللەر ما جۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن تاققا چىقىدۇ.

## ما جۇڭيىڭنىڭ شەرقى تۈركىستانغا چىقىشى

ما جۇڭيىڭ كىم؟ ما جۇڭيىڭ ئەسلىدە ما بۇفاڭ قىسىملىرى ئىچىدىكى بىر ئوفىتسىر بولۇپ، قولىدا 300 دىن ئارتۇق ئەسكىرى بار يىڭجاڭ (يۈز بېشى) ئىدى.ئۇ تەشكىلسىزلىك بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، ما بۇفاڭنىڭ ئېغىر جازالىشىدىن قورقۇپ تاققا چىقىۋېلىپ، جىڭخەيدە ما بۇفاڭغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان يەنە بىر تەرەپتىن بۇلاڭچىلىق قىلىپ چىقىش يولى تاپالماي تۇرغاندا نەق بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىزگە ئۇچرىشىدۇ.شەرقى تۈركىستاندا ختاي ھۆكۈمىتىگە قارشى بىرلىشىپ ئۇرۇشۇشقا قوشۇلىدۇ ۋە ئىسمىنى گا سىلىڭ ( كىچىك قوماندان )غا

ئۆزگەرتىپ، قۇمۇل ۋەكىللىرى بىلەن بىللە شەرقى تۈركىستانغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. بۇ ئارىلىقتا پۈتۈن قۇمۇل ۋىلايىتى خەلقى قوزغۇلۇپ قۇمۇل شەرىدىكى خەلقمۇ تاغقا چىقىۋالىدۇ. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى بارىكۆلدىكى بىر يېرىم مىڭغا يېقىن ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلىرىنى ئەرتۈركتىكى ئىنقىلابنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. بۇ ئەسكەرلەر نارىنكىرگە يېتىپ كەلگەندە سادىق قورمال ئۆلارنىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تەسلىم بولۇشقا ئۈندەيدۇ ۋە يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ مەرگەن، پەلۋانلىرىدىن 40 كىشىنى توپلاپ جەڭگە تەييارلىق قىلىدۇ. دۈشمەنلەر ئەلچىلەرنى « بىرگە تەسلىم بولۇڭلار » دىگەن سۆز بىلەن قايتۇرىدۇ.بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئەرتۈرك تەرەپكە كەتمەي، نارىنكىرغا ھۇجۇم باشلايدۇ. بىر كۈن كەچكىچە قاتتىق ئۇرۇش بولىدۇ. پەلۋانلاردىن بىرسى شېھىت بولىدۇ، كۆپلىگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرىلىدۇ.ئۇلار جەڭدىن قايتىپ سۇجەن دىگەن بۇلاق سۈيىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلۇشۇپ، ئىككى ــ ئۈچ ھەپتىگىچە يا ئالدىغا ماڭالماي، يا ئارقىسىغا چېكىنمەي مۇداپىئەدە ياتىدۇ.دەل شۇ كۈنلەردە كۆككۆلگە كەلگەن ۋەكىللەر ما جۇڭيىڭنى ئەسكەرلىرى بىلەن باشلاپ كېلىدۇ.ما جۇڭيىڭنىڭ ئەكسەرلەرى بىر كۈن دەم ئېلىپ، ئىككىنجى كۈنى كېچىدە خىتاي ئەسكەرلىرى قىياپىتىدە ياسىنىۋېلىپ ( ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ چىرايى، سۆزى ۋە كىيىملىرىمۇ ئانچە پەرقلەنمەتتى ) ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، ھەممىسىنى قىرىپ يوقاتتى.

شۇ چاغدا قۇمۇل تاغلىرىدىن خوجىنىياز ھەجىم كۆپلىگەن پەلۋانلارنى ئەگەشتۈرۈپ نارىنكىرغا يېتىپ كەلدى، ئەرتۈركنىڭ پەلۋانلىرىمۇ كېلىپ قوشۇلدى. ما جۇڭيىڭنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بارىكۆلگە كەتتى ۋە خىتاي ئەسكەرلىرى بولمىغان بارىكۆلنى ئالدى. ما جۇڭيىڭ قالغان ئەسكەرلىرى بىلەن قۇمۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. خوجىنىياز ھاجىممۇ ما جۇڭيىڭ بىلەن بىللە كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى قۇمۇل ۋەقەسى بىردىنلا قۇمۇل ئىنقىلابىغا ئايلاندى.

## قۇمۇل ئىنقىلابىنىڭ جەريانى

قۇمۇل ئىنقىلابىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن خوجىنىياز ھاجىم بىلەن قاسىم پەلۋان ئىككىسى پۈتۈن ئىنقىلابچىلارغا باشچىلىق قىلىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرگە

قۇمۇل شەھرىنى قورشىۋالىدۇ. بۇ چاغدا خىتاي ئەسكەرلىرى خىتاي ئاھالىسى جايلاشقان كونا شەھەر بىلەن ئۇيغۇرلار تاغقا چىقىپ كېتىپ بوش قالغان مۇسۇلمانلار شەھرىنىڭ ئىچىگە مۇستەھكەم ئورۇنلىشىۋېلىپ ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان ياردەمنى ساقلاپ ياتىدۇ.قاسىم پەلۋان بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئەسلىدە قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئەسكەر باشلىقلىرى بولۇپ، ئىنقىلاب باشلانغاندا ئەسكەرلىرى بىلەن تاغقا چىقىپ قوزغىلاڭنىڭ يېتەكچىلىرىگە ئايلىنىدۇ.قۇمۇل شەھرىگە قىلىنغان دەسلەپكى ھۇجۇمدا قاسىم پەلۋان شېھىت بولۇپ، پۈتۈن قوشۇنغا خوجىنىياز باشچىلىق قىلىدۇ.قورشاۋ ھۇجۇمى داۋاملىشىۋاتقاندا ئۈرۈمچىدىن كۆپ ساندا خىتاي ئەسكەرلىرى ياردەمگە كېلىدۇ.ئەمما، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ياردەمگە كەلگەن خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قورشىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تارمار قىلىدۇ.قۇمۇل سېپىلىنىڭ مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغاچقا كۆپ قېتىم ئۇرۇشۇپ ئالالمىدى.2 ـ 3 ئايدىن كېيىن سوغۇق چۈشۈشكە باشلىدى، قىشلىق كىيىم ـ كېچەكسىز يازدا كەلگەن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى يۇرتىغا قايتىپ كەتتى.ئىنقىلاب كۈچى ئاجىزلىششقا باشلىدى، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ قۇمۇل شەھرىنى تاشلاپ تاغقا چىقىپ كەتتى.

1932 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدىن كۆپلىگەن ئەسكەرلەر كېلىپ قۇمۇلدىكى ئەسكەرلەرگە قوشۇلدى.خوجىنىياز ھاجىم بۇنى كۆرۈپ قۇمۇل تاغلىرىدىن كۆچۈپ نارىنكىردىكى قاراچۆل تېغىغا كېلىپ نارىنكىرلىكلەرگە قوشۇلدى. بۇ چاغدا قۇمۇلدىن ئەلچى كېلىپ شىڭ زىخۇي ( شىڭ شىسەي قوماندان ) قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقىنى چاقىرىدۇ، دېدى.خوجىنىياز ھاجىم بىرسىنىڭ ھەمراھلىقىدا قۇمۇلغا باردى.

## خوجىنىياز ھاجىمنىڭ شىڭ زىخۇي بىلەن كۆرۈشىشى

خوجىنىياز ھاجىم شىڭ شىسەينىڭ تەكلىۋى بويىچە قۇمۇلغا بېرىشتىن بۇرۇن، نارىنكىر تېغىدا ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغان پەلۋانلىرىنى كۈشۈتۈ تېغىغا يۆتكەپ كېلىپ، كۈشۈتۈ تېغى ئىچىدىكى خەتلىك تاشقا ئاتلىق تاربوغازنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاشلىق جىرالارنىڭ ئارىسىغا مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئەگەر

دۈشمەن چېرىكلىرى كەلسە نەق ئىككى تەرەپتىن قورشاپ ئوق ياغدۇرۇپ ھۇجۇم قىلىش لازىملىقىنى تاپىلاپ ئاندىن قومۇلغا باردى.شىڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىم كېلىشى بىلەن ئۇنى تۇتۇپ نارىنكىرگە ئېلىپ ماڭدى.خىتاي ئەسكەرلىرى كۆشۈتە سېيىنىڭ ئىچىگە كىرىپ خەتلىك تاش بوغۇزىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئورۇنلاشتۇرۇلغان پەلۋانلار ئەسلىدىكى پىلان بويىچە ئوق ياغدۇرۇپ دۈشمەننى تىرە ــ پىرەڭ قىلىۋەتتى. ئامالسىز قالغان چېرىكلەر پاناجاي تاپالماي ئارقىغا قاراپ قېچىشقا باشلىدى.شۇنداق قىلىپ، شۇ قاچقانچە قومۇل شەھرىگە كىرىۋېلىپ بىر ئايغىچە سىرتقا چىقالماي ياتتى.كېيىن تەڭرى تېغىنىڭ شەرقى بۇرجىكىدىن ئايلىنىپ، تاشبېئىق، شۇفۇ يېزىلىرىدىن ئۆتۈپ تۈز يول ئارقىلىق ئەرتۈرك ناھىيىسىنىڭ باي، ئاداق دېگەن كەنتلىرىدىن ئۆتۈپ نارىنكىرنىڭ قاراچۆل تېغىنىڭ ئېتىكىدىن ئايلىنىپ باركۆلگە كىرىۋالدى.

## تاشقى موڭغۇلىيە ۋەكىللىرىنىڭ كېلىشى

شۇ كۈنلەردە نارىنكىرنىڭ قارا چۆل تاغلىرىدا تۇرىۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ قېشىغا تاشقى موڭغۇلىيەدىن جاڭ سىڭ دورغا، لوفسۈت دورغا ( موڭغۇل )، ئاباي ئەپەندى، قاسىم ئەپەندى ( قازاق )، تۇردى ئاخۇن، نىياز دورغا ( ئۇيغۇر )، بىر دوختۇر، بىر خىزمەتچى بولۇپ جەمي سەككىز كىشى كېلىپ خوجا نىياز ھاجىم ۋە سادىق دورغا ھاجىمغا: « بىز سىلەرنىڭ قوزغالغانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ خوش بولدۇق، شۇڭا ھال سوراشقا كەلدۇق. بىز سىلەرنىڭ خىتايلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشىڭلار ئۈچۈن ياردەم قىلىمىز، نېمە لازىم بولسا دەڭلار، دەرھال يەتكۈزىمىز » دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئاباي ئەپەندى تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئۇ يەنە:« سىلەرنىڭ قوزغىلىپ ئىنقىلاب قىلىشىڭلار تامامەن توغرا، خىتاي سىلەرنى چەكسىز زۇلۇم ئىچىدە ئېزىۋاتىدۇ. بۇرۇن بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاش خىتايلارنىڭ قول ئاستىدا ئېزىلگەن ئىدۇق، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ ھۆكۈمەت قۇرۇپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدۇق » دېدى ۋە شەرتسىز ھەربىي ياردەم بېرىشكە ۋەدە بەردى. ياردەملەرنى ئېلىش ئۈچۈن بىر ھەيئەت ئەۋەتىشنى ئېيتىپ موڭغۇلىيەگە قايتىپ كەتتى.

قۇمۇل ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى ئىككى ئايغىچە ياردەمنى قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىق مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئەگەر ياردەمنى قوبۇل قىلسا، روسلارنىڭ توزىقىغا چۈشۈپ قىلىشتىن ئەنسىرەيتتى؛ ئەگەر ياردەمنى قوبۇل قىلمىسا، موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ رەنجىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. ئاخىرىدا خوجا نىياز ھاجىم بىلەن سادىق قورمالدىن باشقا نومدا ئەڭ ئاۋال ئىسيان قىلغان سالىھ دورغا، خوجا نىياز ھاجىمنىڭ ئاكىسى باقى نىياز باشلىق ئىسمايىل ئاخۇن، سالىھ ئاخۇن، توختى ئاخۇن، ناسىر موللا قاتارلىق ئالتە كىشى موڭغۇلىيەنىڭ مەركىزى ئۇلانباتۇرغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنى ئۇلانباتۇردا دۆلەت باشلىقى چولبارتىسىن قوبۇل قىلدى. ئۇمۇ قۇمۇل ۋەكىللىرىگە يېقىندىن ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. « جاڭ سىلڭ دورغا يېقىندا قورال ـ ياراق ئېلىپ بارىدۇ » دېگەن جاۋاپنى ئېلىپ ۋەكىللەر قايتىپ كەلدى. قۇمۇل ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بارمىغىنى ئۈچۈنمۇ بۇ ئىشتىن چوڭ كۈتكىدەك بىر نەسرە بولمىدى. جاڭ سىلڭ دورغىلار ئىككىنجى قېتىم كەلگەندە ياردەم ئەشيالىرىنى تاپشۇردى. ئۇلار 500 قۇر ھەربىي يامغۇرلۇق كاناپ كىيىم، ئۆتۈك، 70 تال كونا مىلتىق، 400 سەر ئاق كۈمۈش، كۆپ مىقتاردا قوغۇشۇن ۋە دورا، تەييار ئوق قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ياردەملەرنى خوجا نىياز ھاجىم ئۆستىدە تۇرۇپ تاپشۇرۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، سادىق قورمال باشچىلىقىدا 100 گە يېقىن پالۋانلار موڭغۇلىيە ھەيئىتىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، قولغانلار خوجا نىياز ھاجىمنىڭ باشچىلىقىدا گۇچۇڭ، مورى تاغلىرى تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ھاجىمنىڭ مورى تاغلىرىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان تۇرپان، توخسۇن، پۈچان خەلقلىرى ماخمۇت مۇھىدىنىڭ باشچىلىقىدا قوزغۇلۇشقا باشلىدى. شۇ ئارلىقتا شىڭ شىسەي چېرىكلىرىنى باشلاپ گۇچۇڭغا كېلىپ ئورۇنلىشىۋالىدۇ. ماجۇڭيىڭ ئىككىنجى قېتىم تۈركىستانغا كېلىپلا دەرھال ھاجىمنىڭ ئارقىسىدىن مورىغا كېلىپ ھاجىم بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، بىرلىشىپ گۇچۇڭ شەھرىنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ ـ دە ھۇجۇم باشلايدۇ. ماجۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ئەر سىلىڭ سېپىلغا قىلغان ھۇجۇمدا شېھىت بولىدۇ.

بۇ ئارلىقتا قۇمۇل تاغلىرىدا قالغان جاڭ سىلڭ دورغا ئۇمۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، ئىنقىلابچىلارنى توزاققا چۈشۈرۈشكە كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن، موڭغۇلىيەگە قايتىپ كېتىدۇ. ئۇ كېتىشى بىلەنلا ئۈرۈمچىدىكى روس

ئەسكەرلىرىنىڭ باش قوماندانى بابىنكوف ئايروپىلان بىلەن گۇچىڭغا كېلىپ، شىڭ شىسەيگە ياردەملىشىپ شىڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇش تەكلىپىنى بېرىدۇ. شىڭ شىسەي قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىپ، دەرھال ھاۋادىن ۋە يەردىن ھەربىي ياردەم ئەۋەتىپ شىڭ شىسەي چېرىكلىرىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ. شىڭ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ سەنتەيگە كەلگەندە، روس ئەسكەرلىرى يەردىن ۋە ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىپ ئىنقىلابچىلارنى چېكىندۈرىدۇ.

خوجا نىياز ھاجىم ماخمۇت مۇھىدىننىڭ تەكلىۋى بىلەن پىچانغا كېلىدۇ ۋە ئۇلار بىرلىشىپ لۈكچۈن، تۇرپان، توخسۇن قاتارلىق شەھەرلەرنى ئازاد قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرلەپ جەنۇپقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ قارا شەھەرنى ئالىدۇ. بۇ مەزگىلدە ماجۇڭيىڭ سەنتەي، فۇكاڭ، داۋانچىڭ تاغلىرىدا شىڭ شىسەي ۋە روس ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ. ئەمما روس ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمىنىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قارا شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. خوجا نىياز ھاجى، ماخمۇد مۇھىدىننىڭ قوشۇنلىرى قەشقەرگە كېلىپ توپلاندى.

## شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلدى. ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق چىقىرىلدى. ئاساسىي قانۇن، دۆلەت شېئىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئېلان قىلىندى:

خوجا نىياز ھاجى ـ دۆلەت رەئىسى
سابىت داموللا ـ باش ۋەكىل
جانىبېك ـ مۇئاۋىن باش ۋەكىل
مەھمۇد مۇھىتى ـ ھەربىي قوماندان
ئورازبېك ـ ھەربىي مەمۇرىي مىنىستىر
سەئىدزادە ـ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى
قاسىم ھاجى ـ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى
ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ـ مائارىپ مىنىستىرى
زىرىپ قارىھاجى ـ ئەدلىيە مىنىستىرى

ئوبۇل ھەسەن ھاجى ــ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى
ئىلى ئاخۇنباي ــ مالىيە مىنىستىرى
شەمسىدىن تۇردى ھاجى ــ ۋەخپە مىنىستىرى
ئەبەيدۇللاخان ــ سەھىيە مىنىستىرى
ئەلەم ئاخۇنۇم ــ باش كاتىپ بولۇپ تەيىنلەندى.
خوجا نىياز ھاجىم بۇ چاغدا ئاقسۇدا بولۇپ، رەئىسلىك ئىلان قىلىنغان بولسىمۇ نىمىشقىدۇر ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. بۇ دۆلەت بىر تەرەپتىن روسلارنىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن شىڭ شىسەينىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن ماجۇڭيىڭنىڭ دۈشمەنلىكى سەۋەبىدىن، شۇنىڭدەك، ئىچكى قىسىمدا ۋە ھەربىي قىسىملاردا تەبرىقچىلىق پەيدا بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مەغلۇپ بولدى.

## 3 – باب شىڭ شىسەينىڭ تەختكە چىقىشى

### شىڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كېلىشى

شىڭ شىسەي ( تەخەللۇسى جىڭ يۈڭ ) 1892 ــ يىلى لىياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ كەيييۈەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، دىھقانچىلىق ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئوقۇپ، 1915 ــ يىلى شاڭخايدە سىياسىي ئىقتىسات سىنىپىغا كىرىپ بىلىم ئالغان، 1917 ــ يىلى ياپونىيەگە چىقىپ ئوقۇغان، كېيىن گۇئاڭدۇڭغا بېرىپ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان، ئارقىدىن شەرقىي شىمالغا بېرىپ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن. 1923 ــ يىلى يەنە ياپونىيەگە بېرىپ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، قايتىپ كېلىپ گومىنداڭ قىسىملىرىدا مەسلىھەتچى بولغان ۋە ھەربىي ئوقۇتقۇچى بولغان، ھەربىي شتاپتا بۆلۈم باشلىقى بولغان. شەرقىي تۈركىستاندا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان جىن شۇرېننىڭ كاتىۋى نەنجىڭگە كېلىپ باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرىشى بىلەن شىڭ شىسەينى 1930 ــ يىلى كۈزدە شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كەلگەن. جىن شۇرېن ئۇنى ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرغان. قارا نىيەت شىڭ شىسەي ئوقۇغۇچىلىرىنى يېنىغا تارتىپ ئەتراپىغا كۈچ توپلاشقا تەييارلىق قىلغان.

### شىڭ شىسەينىڭ پۇرسەتپەرەسلىكى

قۇمۇل ئىنقىلابى باشلىنىپ ھەممە يەردە جىن شۇرېنغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى ئەۋج ئالغان بىر ۋەزىيەتتە جىن شۇرېن ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرالمىغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەينى شتاپ باشلىقى، شەرقى سەپ باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ، خوجا نىياز ھاجىم قوشۇنلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا سالغان. شىڭ شىسەي ئۇرۇمچى ئەتراپىدا تۇرىۋاتقاندا، جىن شۇرېنغا قارشى 12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگۈرۈشى قىلغان چېن جۇڭ، تاۋمىڭيۈ، لى شاۋشەنلەرنى قوللاپ، سىياسىي ئۆزگۈرۈش غەلبە قىلىشى بىلەن تەڭ، شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، بۇلاڭچىلارنى باستۇرغان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، جىن شۇرېننىڭ قېچىپ كېتىشى بىلەن تەڭ ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالدى ۋە ئۆزىنى دۇبەن دەپ ئېلان قىلدى. لېكىن، بۇ چاغدا شىمال تەرەپتە ماجۇڭيىڭ، غەرب تەرەپتە جاڭ پېيۈەن، شەرقتە بولسا خوجا نىياز ھاجى قوشۇنلىرى ھەدەپ ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، شىڭ شىسەيگە تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. جەنۇپتا بولسا پۈتۈن خەلق قوزغۇلۇپ، ئۈرۈمچىگە پەقەتلا ئىتائەت قىلمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش يولىنى تاللىدى، ئۆزىنى يالغاندىن ماركىسىزمچى قىلىپ كۆرسىتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. ئاخىرىدا ئون مىڭ كىشىنى قۇراللاندۇرغۇدەك قورال ـ ياراق سېتىۋېلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنى قىزغىن قوللىدى. شۇنداق قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەيگە مۇتەخەسىس، مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتتى، نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، مەكتەپ، دوختۇرخانا سالدى. سوۋېتتىن ئەۋەتىلگەن نۇرغۇن ئىشپىيونلار ئارىسىدا مەنسۇر ئاباي، قادىر ھاجى، قاسىم ئەپەندى قاتارلىقلار بار ئىدى.

شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىشى، ئۆزىنىڭ مۇداپىئەسىنى، يەنى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەقسىدى ئۆز چېگرىسى بويىدىكى قالايمىقان ۋەزىيەتنى تىنجىتىش ئىدى. بۇ جەرياندا شىڭ شىسەي كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ئىلغار بولغان سىياسەتلەرنى ئېلان قىلدى.

www.uyghurweb.net

1934 ـ يىلى 1ـ ئايدا، ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئۈرۈمچىنى قورشىۋالغاندا شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەسكىرى ياردەم تەلەپ قىلدى. 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بەش مىڭ ئەسكىرى چۆچەكتىن كىرىپ، خىتايچە كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىپ «ئالتاي قوشۇنى» دېگەن نامدا ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرلەشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ شىڭ شىسەي سوۋېت قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرى، ئاق روس ئەسكەرلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىگە تايىنىپ ماجۇڭيىڭنى قەشقەرغىچە قوغلاپ بېرىپ يوق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىمۇ قانلىق باستۇردى. بۇ جەرياندا ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە بولغان خوجا ھاجى ئاقسۇدا بولۇپ، شىڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا قارشى تۇرىۋاتاتتى. ئۇ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى »نىڭ رەئىسلىكىنى قوبۇل قىلماي، شىڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلىشىش يولىنى تۇتقان ئىدى. 1934 ـ يىلى خوجا نىياز ھاجى سوۋېت كونسۇلى ئەفرەسوفنىڭ كاپالىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى ۋە ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.

## شىڭ شىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سىياستى ھەققىدە

شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنى ۋە خەلقنى ئالداش ئۈچۈن، سىياسىي نىقاپ بىلەن مەيدانغا چىقتى. 1934 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى « ئالتە بۈيۈك سىياسەت »نى يولغا قويدى. بۇ « ئالتە بۈيۈك سىياسەت » تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

( 1 ) جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش سىياستى:

بۇ سىياسەتتە شىڭ شىسەي ئالدى بىلەن «جاھاڭىرلىككە قارشى ئۇيۇشما » دېگەن بىر نېمىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئىچكى قىسىمدا خەلقنى باستۇردى. كوممۇنىزمغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئوقۇتۇش كىتاپلىرىنى چەكلىدى. شىڭ شىسەي ئۆزىگە «بۈيۈك داھى» دەپ نام بېرىپ، ئىبغىز ۋە مەتبۇئاتلاردا مەجبۇرىي شۇنداق ئاتاتقۇزدى. ھەرقانداق چوڭ ـ كىچىك يىغىنلار ئۇنىڭ رەسمىگە ئۈچ قېتىم تازىم قىلىش بىلەن باشلىناتتى. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ھېچقانداق ئاساسسىزلا «جاھاڭىرنىڭ قۇيرۇقى»، «ئىشپىيون»، «خائىن» دىگەندەك ئەشەددىي بەدناملار

www.uyghurweb.net

بىلەن شەرقىي تۈركىستان بويىچە بەلگىلەنگەن كۆن ۋە كېچىلەردە بىگۇناھ كىشىلەرنى تۈركۈملەپ قاماققا ئالدى.

( 2 ) سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش سىياسىتى: شىڭ شىسەي بۇ سىياسەتنى بىر قەدەر تولۇق ئەمەلگە ئاشۇردى ۋە شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى ئۇ مەركەز بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تولۇق ئۈزگەندىن كېيىن، روسىيە شەرقىي تۈركىستاننى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنە بىر رىسپوبلىكىسى قىلىشقا ئۇرۇنغان ئىدى. شۇڭا سوۋېت قىزىل ئارمىيە 2 ـ پولكى قەشقەرگە، 8 ـ پولكى قومۇلغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇتەخسىسلىرىنى ھەربىي، مەمۇرى ئىدارىلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. خەلق ئىچىگە كەڭ تۈردە جاسۇسلارنى تارقىتىپ، گۇمانلىق دەپ قارالغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۈستىدىن يالغان ماتېرىيال تەييارلاتقۇزۇپ قولغا ئالدى. مۇھىم دەپ تونۇلغان خادىملارنى روسىيە ئاپىرىپ سوت قىلدى. 1937 ـ يىلى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلانغان نۇرغۇن كىشىلەر مانا شۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى. شۇ باندا شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆپلىگەن مەشھۇر ئادەملەرنىڭ ئۆي ـ جايلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئالتۇن ـ كۆمۈش، پۇل ـ ماللىرى بۇلۇنۇپ شىڭ شىسەينىڭ شەخسىي ئامبىرىغا توپلاندى ۋە بىر قىسمى ئارقىدىكى خوجايىنلىرىغا ھەدىيە قىلىندى.

( 3 ) مىللەتلەر ھوقوقتا باراۋەر بولۇش سىياستى:

مىللەتلەرنىڭ ھوقوقتا باراۋەر بولۇش- بۇ سىياسەت ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللەتلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش، بىر ـ بىرىگە قارشى قويۇش بىلەن زىدىيەتتىن پايدىلىنىپ «پادىشالىقنى ساقلاپ قېلىش » ۋە روسىيەگە يۆلۈنۈپ تۇتۇپ بايلىق توپلاشتىن ئىبارەت. مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى يەنىمۇ پارچىلاشقا ئۇرۇندى. يەنى سان جەھەتتە بىر قەدەر كۆپىرەك ساننى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇر مىللىتىنىمۇ ئىككىگە ئايرىپ «ئۇيغۇر»، «تارانچى» دېگەن نام بىلەن بىر مەزگىل پارچىلىغان ئىدى. مانا بۇ مىللەتلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك ۋە زىددىيەت پەيدا قىلىپ، پارچىلاپ ئىدارە قىلىشنىڭ روشەن مىسالىدۇر.

( 4 ) پارىخورلۇقنى يوقۇتۇش سىياستى: بۇ سىياسەت شىڭ شىسەينىڭ خەلقنى بۇلاپ ـ تالاش، ھەرخىل بانىلار بىلەن خەلقنىڭ بايلىقىنى سۈيۈرۈپ ـ سىرىۋېلىش

ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئالتۇن غەزىنىسىنى تولدۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بولۇش رولىنى ئوينىدى. يەنى ئۈچ ئادەم بىرگە بولغاندا بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەسلىك، يالغان مەلۇمات بەرگەننىڭ ئەمىلىنى ئۈستۈرۈش بىلەن خەلق ئۈستىدە ئېغىر سىياسىي نازارەت بېسىمى پەيدا قىلىنغانلىقتىن، كىشىلەر ھەركۈنى، ھەر سائەت ئۆزلىرى ھېچ ئويلانمىغان ئىللەت بىلەن قاماقفا ئېلىنىش خەۋپى ئىچىدە ئاشايتتى. يەنە شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىڭ شىسەينىڭ يېقىن تۇققان ئەمەلدارلىرى، قورالىلىق ساقچى ئەمەلدارلىرى يىلىنىڭ ھەرقايسى پەسىللىرىنىڭ مۇۋاپىق تاپقان پەيتلىرىدە كىشىلەرنىڭ، خۇسۇسەن بايلارنىڭ ئۆيلىرىگە كېچىدە كىرىپ بىر بانا بىلەن قورالىلىق تەھدىت سېلىپ، ئالتۇن ـ كۆمۈش « جەرىمانە » ئالىدۇ. كىمىكى بىرەر جىنايەت بىلەن تۇتقۇن قىلىنسا، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە يەر ـ زېمىن، قورا ـ جايلىرى دەرھال مۇسادىرە قىلىنىدۇ. مۇسادىرە قىلىنغان مۈلۈكلەردىن ئالتۇن ـ كۆمۈش، قىممەت تاش، زۈمرەت، ئالماس، بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىقلاردىن باشقا يەنە نەق ئامېرىكا دوللىرى، فرانك، فونتستېرلىڭ قاتارلىق پۇللارمۇ بار.

( 5 ) تېنىچلىقنى ساقلاش سىياسىتى: دۇنيادا ھەرقانداق دۆلەت ياكى مىللەت تېنىچلىقنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما ئۆزى تېنچ بولالمىغان دۆلەت ھەممىدىن بەكىرەك تېنىچلىقنى تەكىتلەيدۇ. شىڭ شىسەي سوۋېتنىڭ ماركىزم ئۆلگىسىنى كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ، خەلقنى تېرورلۇق تۇسىنى ئالغان سىياسىي نازارەت ئاستىغا ئېلىش ئارقىلىق، ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن ھالدا قىرغىنچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزدى. بۇ ئارقىلىق خەلقنى كېچە ـ كۈندۈز ۋەھىمە بىلەن ھايات كەچۈرۈشكە قىستىدى. دېمەك، ئۇنىڭ تېنىچلىق دېگىنى، قارشى چىقماسلىق تېنىچلىقى بولدى.

( 6 ) ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش سىياسىتى: شىڭ شىسەي «شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش» دېگەن بۇ سىياسەت ئارقىلىق، روسىيەنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە 3 يىل ئىچىدە خىتايدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل بولۇپ كېتىش پىلانىنى تۈزدى ۋە بۇ ئارقىلىق تاشقى موڭغولىيەنى دورىماقچى بولدى. شۇڭا، شىڭشىڭشا مۇداپىيە قورغانى قۇرۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە قايتىدىغان ئاساسلىق يولنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، روسىيە ئىلى، ئالتاي، چۆچەك، قۇمۇل قاتارلىق چارۋىچىلىقى بىر قەدەر ياخشى بولغان ۋىلايەتلەردىكى سودا ئورگەنلىرى ئارقىلىق،

www.uyghurweb.net

چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى يىغىۋېلىش ھېسابىغا تۈرلۈك تۈرمۈش بويۇملىرىنى ئالماشتۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن، خەلقنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئەرزان باھادا يىغىۋېلىپ، مەخسۇس يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى قۇردى. سىياسىي جەھەتتە بۇنىڭ ئەڭ موھىم ئىپادىسى سوۋېتىدە شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلۇشىنى كۆچەيتتى. يەقەت ئۇرۇمچى شەھرىنىڭ ئۆزىدىلا ئاشكارە سېلىنغان چوڭ تۈرمىدىن سەككىزى بار بولۇپ، كىشىلەر بىلمەيدىغان يوشۇرۇن تۈرمىلەرمۇ خېلى كۆپ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدە ھەرخىل چوڭ ـ كىچىك تۈرمىلەر قۇرۇلۇپ، ئۇلار شەرقىي تۈركىستان خەلقنى قىرغىن قىلىدىغان جەھەننەمگە ئايلاندى.

## خوجا نىياز ھاجىمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان قارا نىيەت شىڭ شىسەي، 1934 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىنقىلابى تەشكىلاتلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۆزىگە قارشى بولغان كىشىلەرنى تازىلاشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا قەشقەردە قۇرۇلغان 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ قوماندانى مەھمۇد مۇھىتى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. شىڭ شىسەي ئۇنى يوق قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىر، چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، مەھمۇد سىجاڭ ئۇنىڭ قەستىنى بىلىپ قىلىپ چەت ئەلگە قېچىپ كېتىدۇ.

1937 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ ئەترىتى» دېگەننى ئويدۇرۇپ چىقارغان شىڭ شىسەي، نۇرغۇن كىشىلەر قاتارىدا مۇئاۋىن رەئىس خوجا نىياز ھاجىمنى قولغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدىكى 13 ماشىنىسىنى، 10 نەچچە ساندۇق ماشىنا زاپچاسلىرىنى، 70 تۆگە، تۆت مىڭ قوينى، تۇرپاندىكى كارىز، ماشىنىلاشقان قۇدۇق، شاللىق ئېتىز يەرلىرىنى، 70 تۇياق ئات ـ خېچىرىنى، قۇمۇلدىكى بەش مىڭ قوينى، بەش كارىزنى، ئۈچتۇرپاندىكى قورۇ ـ جاي، ئېتىزلىرىنى ۋە كۆچادىكى بېغىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، ئۆزىنى بولسا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تەستىقلاتقان بولۇپ، جازا ئىجرا قىلغۇچى موسكۇۋادىن ئەۋەتىلگەن ھاشىم ھاجى باشچىلىقىدىكىلەر بولۇپ، سىرتماق بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرگەن.

www.uyghurweb.net

## شىڭ شىسەينىڭ ۋەھشى جىنايەتلىرى

شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپلا، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىغا ياردەملەشكەن چىن جۇڭ قاتارلىق ئىككى ئەمەلدارنى ئېتىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قانخور جاللات ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان ئىدى. ئۇ، ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، 1937 ــ يىلىدىن 1942 ــ يىلىغىچە ئۈچ قېتىملىق يالغان «سۈيىقەست دېلوسى» ئويدۇرۇپ چىقىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ 200 مىڭغا يېقىن ئىلغار زىيالىيلىرىنى، دىنىي ئۆلىمالىرىنى، باي سودىگەرلىرىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ بىر مۇنچە خىتايلىرىنى تۈرمىلەرگە سولاپ، تۈرلۈك قىيىن ــ قىستاقلارغا ئېلىپ سوراق قىلىپ، يالغان «ئىقرارنامىلار»نى توقۇپ نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بەش يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارلىق شەھەر ــ يېزىلىرىنى دەھشەتلىك تېررورلۇق قاپلىدى، ھەممە ئىنسان جان قايغۇسىغا ۋە خەتەرگە دۇچ كەلدى. ھەممە يەردە ئۇنىڭ جاسۇسلىرى پىتىراپ يۈرۈپ خالىغان ئادەمنى تۇتۇپ بايلىق بولدى. ھەممە ئادەمنىڭ كەينىگە پايلاقچىلار قويۇلدى. كىشىلەر ئۆز ئارا گەپلىشىشتىنمۇ قورقۇدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى، تۈرمىلەر يېتىشمەي، ئادەملەر ئامبارلارغا سولاندى. شېڭ شىسەي قاچقاندىن كېيىن، ئادەملەرنى تاغارغا قاچىلاپ ئۈستى ــ ئۈستىگە دۆۋىلىۋەتكەن بىر ئامبارنىڭ ئىچىدە، ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئاباۋ (قازاق) بىلەن شېڭ شىسەينىڭ تەرجىمانى ليۇبىنىزى (تۇڭگان) قاتارلىق بىر مۇنچە يېرىمجان ئادەملەر قۇتقۇزۇۋېلىنغان، ئاستىدىكى جەسەتلەر سېسىپ چىرىپ كەتكەن. ئۇنىڭ جازالاش چارىلىرى بىر نەچچە يۈز خىل بولۇپ، ئىنسان قىلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن كىشىلەرنى قىيناپ ئۆلتۈرگەن. شېڭ شىسەينىڭ جازا چارىلىرى: تاش كۆمۈرنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇزۇپ قويۇپ قىيناش، ئىككى قولىنى ياغاچ تامغا مىخلاپ قويۇپ قىيناش، پاتىنۇن يىڭنىسىنى تاختايغا مىخلاپ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇپ قىيناش، قوغۇشۇن ئوق قېقىلغان ئىككى ياغاچنىڭ ئارىسىغا قىسىپ قىيناش، ئىككى قولىنى ياغاچقا باغلاپ ئېسىپ قويۇپ قىيناش، تىرىك تۇرغۇزۇپ ئىككى قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇپ ئېلىۋېتىپ قىيناش، ئېلېكترىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ

توك قويۇپ قىيناش، ئېلېكتىرىكلىك ياغاچقا باغلاپ توك قويۇپ قىيناش، ئىغىر چۆيۈن دوپپىسىنى كىيگۈزۈپ قويۇپ قىيناش، ياغىنى قايىنتىپ چېچىپ قىيناش، تىرناقلىرىغا مىخ قېقىپ قىيناش، بەدىنىگە يىڭنە سانچىپ قىيناش، بۇرنىغا لازا سۈيىنى قۇيۇپ قىيناش، ئۇدا نەچچە كۈن ئۇخلاتماي قىيناش قاتارلىق ئەڭ ۋەھشى ئۇسۇللاردىن ئىبارەت ئىدى.

## شىڭ شىسەينىڭ ئاقىۋىتى

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىپ، دۇنيا ۋەزىيىتىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. شىڭ شىسەي نىقابىنى دەرھال يىرتىپ تاشلاپ، روس كوممۇنىستلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ ئۇلارنىمۇ تۇتقۇن قىلدى. بۇ ئارقىلىق گومىنداڭغا، جاڭجېشىغا ياخشى كۆرۈنۈش يولىنى تۇتتى. جاڭ جېشىغا 55 مىڭ سەر ئالتۇن ئەۋەتىپ بەردى. جاڭ جېشىنىڭ خوتۇنى سۇڭ مېيلىڭ ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قايتىدىن يارىشىش پۇرسىتىنى تاپتى. نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۆمۈشكە ئىگە بولغان جاڭ جېشى شىڭ شىسەينى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنداق قىلىپ جاللات شىڭ شىسەي 30 نەچچە ماشىنىغا شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلاپ ـ تالىغان ئالتۇن ـ كۆمۈش، ئاسارە ـ ئەتىقە، قىممەتلىك مارجان، بۇغا مۈڭگۈزى، قاشتېشى قاتارلىق بايلىقلارنى بېسىپ ئىچكىرىگە قاراپ قېچىپ كەتتى.

تۆۋەندە مەن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ بىر قانچە يۈز كىشىنىڭ ئىسمىلىكىنى دىققىتىڭلارغا سۇندۇم. بۇلار پەقەتلا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن يۈز مىڭلارچە ئىنسان ئىچىدە ئىسمىلىرى مەلۇم بولغان كىشىلەردىن ئىبارەت:

قۇمۇل ۋىلايىتىدىن:

| | | |
|---|---|---|
| خوجا نىيازھاجى | يارى ئېلى | يۈسۈپ ئاخۇن |
| ماۋۋېبەگ | سوپى | ئابدۇنىياز |
| داتۇ ئىسمايىل | تايىرۇناي | دولان نىياز |
| ئىبراھىمبەك | سوۋۇر | ئىمىن ئاكا |
| زىيات | يۈسۈپ ئېلى | ئىمىن سۇنجاڭ |

www.uyghurweb.net

| | | |
|---|---|---|
| كېرىم ئاخۇن | ئىلياز | توختار |
| ئوسمان ھاجى | زىيىم موللا | ئابدۇنىياز مىراپ |
| سوپى شەنجاڭ | باقىنىياز دورغا | تۆلەنباي |
| بەھاۋالدىن ئاخۇن | ئىلى سۇنجاڭ | توماي |
| ئەيسا ئاخۇن | تۆمۈر ھاجى | ئىسمايىل |
| سابىرەم | توختى مۇھەممەد | ھىدايى |
| نىياز داخەن | زاكىر رەشىت | ئىمىن سوپى |
| تابى ئۇنەيزە | شاۋات نىياز | ئىبراھىم ئىلياز |
| توختى ئاخۇن | كامال ئاخۇن | ئابدۇللاھى |
| ئادىل ھاجى | ئابدۇللاھاجى | يارى قارى |
| باقىنىيازاخۇن | سابۇر دورغا | تاھىر سۇنجاڭ |
| ياقۇپاخۇن | سالىھ دورغا | يەكيا لىيەنفۇ |
| نىيازدىخان | باقىنىياز ھاجى | ياقۇپ سەنمو |
| خېلىل | ئىمىن قۇرمال | سەلىم ئاخۇن |
| ئابدىگۇل ھاجى | ئابدىگۇل ھاجى | قابۇللا تەجى |
| زىمىر ئىلى | ئىسمايىل تۆمۈر | نەسىت نەبى |
| ئىسمايىل | زىكرىيا تۇرسۇن | خۇدايار |
| ئاق موللا | ئىلى ئاخۇنباي ھاجى | قايسا |

باشقا ۋىلايەتلەردىن:

ھۈسەيىن ياڭگىلچوق ( ئۈرۈمچى )، قازى بەك ( ئۈرۈمچى)
ئابدۇللاھ ( ئۈرۈمچى )، شاغاپ كەدىن ( ئىلى )،
ئىبراھىم ( شايار )، ئابدۇراخمان ھاجى ( قەشقەر )،
نەمبەل ( ئالتاي )، ھەيدەر ( ئۈرۈمچى )،
مەمەتنىياز ( شايار )، نەبى ( ئىلى )،
ھاجى ئەكرەم ( شايار )، ئەكبەرخان ( شايار )،
بۇغدا باي ( ئالتاي )، تاشمەمەت يۇنۇس ( ئىلى )،

www.uyghurweb.net

ئابدۇراخمان ( قەشقەر )،
ئابدۇقادىر ( توخسۇن )،
قولاق ( ئالتاي )،
تۇجىلڭ ( ئالتاي )،
مەنسۇر ( قەشقەر )،
لاتىف ( ئىلى )،
ئىبراھىم ئىشان ( توخسۇن )،
مامۇر باي ( ئالتاي )،
ھۇسۇيۇن باي ( ئۈرۈمچى )،
تۇردى ئاخۇنباي ( ئىلى )،
پور خۇزىڭ ( ئالتاي )،
كەنجى ( كورلا )،
يۇنۇسبەك ( تۇرپان )،
تۇرسۇن بابا ( ئۈرۈمچى )،
غوسۇلباي ( تۇرپان )،
نەجىپ ( ئىلى )،
ئەكبەر ( ئىلى )،
ھاجىم مۇساجى( ئىلى )،
زىمىر ئىلى ( ئالتاي )،
مىر يۈسۈپ ( چۆچەك )،
ھامدامبەك ( كۇچار )،
ئەزىز ( ئۈرۈمچى )،
قاسىم شاڭزۇڭ ( قەشقەر )،
ئىر ئىلى ( غۇلجا )،
موللا ئەلەم ( قەشقەر )،
تاشمۇھەممەت ( ئىلى )،
ئىبراھىم ( ئىلى )،
سوپى زادە ( ئاقسۇ )،
ئومان ئىلى ( چۆچەك )،
زاكىر ( ئۈرۈمچى )،
مادانخان ( ئىلى )،
رەھىمجان ( ئىلى )،
قاسىم ( تۇرپان )،
زاكىرجان ( ئىلى )،
ئابابەكرى ھاجى ( ئىلى )،
ئابدۇمۇتەللىپجان ( ئۈرۈمچى )،
مىرزا ئەخمەت ( چۆچەك )،
مۇسا باي ( چۆچەك )،
ئايۇپ ئاخۇن ( قەشقەر )،
ئىمىن ئاخۇن ( ئىلى )،
نۇرتەببىپ ھاجى ( ئىلى )،
نەجىدىن ( قەشقەر )،
زەيدىن كارۋان ( تۇرپان )،
سادىق ئاخۇن ( قەشقەر )،
تاھىربەك ( پىچان )،
قادىر ھاجى ( تۇرپان )،
كېرەم باي ( قاشقەر )،
كامال ئەپەندى ( تۈركىيە )،
كاسكانوپ ( چۆچەك )،
ئابدۇۋاھى ( تۇرپان )،
تۇراخۇن ( ئىلى )،
سىيىت ئاسلوپ ( ئۈرۈمچى )،
تۇرسۇن ( قەشقەر )،
سايىت ( قەشقەر )،
ھۇسيىن سەلىموف ( چۆچەك )،
بوقات ( ئالتاي )،

www.uyghurweb.net

بەلاتى ( تۇرپان )، باۋۇدۇن لوزۇڭ ( تۇرپان )،
توختى ئاخۇن ( تۇرپان )، سەيدۇللاھاجى ( تۇرپان )،
يۇنۇس ( قەشقەر )، مەڭلىك ( تۇرپان )،
نىغمەت ھاجى ( تۇرپان )، تۇرسۇن مەخدۇم ( ئۇرۇمچى )،
ئابدۇللا ھاجى ( قەشقەر )، ھېلىم ئەخمەت ( قەشقەر )،
ئابدۇمۆمىن ھاجى ( تۇرپان )، بازارباي ( چۆچەك )،
شېرىپخان تۆرە ( ئالتاي )، ئىسمايىل قارى ( تۇرپان )،
قۇربان نىياز ( تۇرپان )، قاسىم ئابلەي ( تۇرپان )،
توختى لوزۇڭ ( تۇرپان )، ئىمىن ھاجى ( تۇرپان )،
زاھىت ( قارغىلىق )، ئابدۇلېتىپ باقى ( تۇرپان )،
قاسىم ( قەشقەر )، ھېيىت ئاخۇن ( تۇرپان )،
بەختى ( قەشقەر )، مەمەت ئىمىن ( قەشقەر )،
پەيزۇللاجىسا ( تۇرپان )، ئىسمايىل روزىيوپ ( ئۇرۇمچى )،
شەمشىدىن ( تۇرپان )، نىياز بەك ( ئىلى )،
نەسرۇللا ( قەشقەر )، نىغمەت زاكىر ( ئىلى )،
مەنسۇر ( ئىلى )، ئەمەت ( تۇرپان )،
رەھمىتۇللا ( قەشقەر )، نىبەت ( ئىلى )،
ئىمىنجان ( قەشقەر )، ياركەندى ( قەشقەر )،
رەقەت ( ئالتاي )، پوبەي ( قەشقەر )،
ئابدۇرېھىم تارلا ( تۇرپان )، روزى ( ئەنجان )،
ھەمدۇللا ( تۇرپان )، ھىسام غېرىپ ( كۇچار )،
ئەخمەت توخسۇن ( توخسۇن )، سادىق ( كۇچار )،
شېرىپ ( ئۇچتۇرپان )، ئەيسا ( ئۇچتۇرپان )
ئەمرجان ( ئاقسۇ )، سادىق ھاجى ( قەشقەر )، خېلىل
( ئۇرۇمچى )، نىياز ( پىچان )، ئەيساجان يۇسۇپ
( ئۇرۇمچى )، نىياز ( مۇقىيەنجى )، مەرۇپ ( ئىلى )،
نۇرۇللا ( قارا شەھەر )، مەمەت ئىبراھىم ( تۇرپان )، پەتھۇللا رىزا
( ئالتاي )، رەينۇللا ( ئالتاي )، سالىھ ( تۇرپان )،

www.uyghurweb.net

ساۋۇت ( تۇرپان )، راخمانجان ( قەشقەر )، قاچىغا ( ئالتاي )،
سارتباي ( چۆچەك )، خەلىم ( ئالتاي )، خۇسىدى ئاخۇن
( ئىلى )، هەسەن بەگچىن ( چۆچەك )، نىياز ( ئىلى )،
هەسەن قارى ( چۆچەك )، نەزەروپ ( چۆچەك )، يۇسۇپ هاجى
( ئىلى )، نەجىبۇللا ( تۇرپان )، تۆمۈرغالى ( ئۈرۈمچى )،
توختى مەمەت ( كۇچار )، چانشۇپ ( ئۈرۈمچى )، توختى مەزىن
( چۆچەك )، نۇر ( يەكەن )، تۇرسۇن سابىتوف ( قەشقەر )،
ئارمۇت ( ئالتاي )، تاھىر بەگ ( جىمىنەي )، رەھمىتۇللا
( قەشقەر )، تاستىندى ( ئىلى )، سالى هاجى ( لوپ )،
ئۇمان شاگىيۇ ( چارقىلىق )،

ئەرمان ( يېڭىسار )، سوپى نىياز ( قەشقەر )،
راخمان ( يېڭىسار )، سۇلتان ( ئىلى )،
روزى ئاخۇن ( قەشقەر )، سەدىن داموللا ( ئىلى )،
سالى ( ئىلى )، سايىت ئىدەن ( كۇچار )،
سەدىۋاققاس ( ئالتاي )، توختى ( قەشقەر )،
نىياز ئىشاق ( چۆچەك )، توختى ( تۇرپان )،
نەزەر بەگ ( سانجى )، توختاخۇن ( قاراقاش )،
نىمان ( قاراشەھەر )، ئۆمەر ئاخۇن ( قەشقەر )،
نەجىدىن ( ئىلى )، ئوسمان ئىلى ( چۆچەك )،
نۇرهاجى ( ئاقسۇ )، غۇلام قارى ( چۆچەك )،
ئىلى لاڭ ( ئاقسۇ )، سايىم ( لوپ )،
توختى ( تۇرپان )، روزى هاجى ( چۆچەك )،
تۇردى ( قەشقەر )، رەۋەيدۇللا باي ( تۇرپان )،
خۇسەيىن ( گۇچۇڭ )، رەجەپ ( ئۈرۈمچى )،
سەمەت ( تۇرپان )، ساۋۇت ( قەشقەر )،
سەلىم ( ئالتاي )، ساۋۇت داموللا ( قەشقەر )،
ئىسمايىل ( كۇچار )، سۇلتان ( ئۈرۈمچى )،
هىسامىدىن ( ئۈرۈمچى )، سەمەت شاگىيۇ ( توخسۇن )،

www.uyghurweb.net

قالاقا ( ئىلى )،
قازى ( خوتەن )،
قاسىم زارىپ ( قەشقەر )،
قالى سېيىت ( ئالتاي )،
ئادىل ھاجى ( قارا شەھەر )،
شىرىك ( قارا شەھەر )،
ھۈسەيىن ( قەشقەر )،
يۈسۈپ ( ئۈرۈمچى )،
قايىنبېك ( ئۈرۈمچى )،
شاڭ نىياز ( ئۈرۈمچى )،
شىرىپ داموللا ( توخسۇن )،
شىرىپ ( قەشقەر )،
شەيخ داموللا ( قەشقەر )،
شىرىفۇللاخان ( ھىندىستان )،
قادىراخۇن ( تۇرپان )،
ئىدرىس رازۇللا ( تۇرپان )،
ئالىم نەزىر ( چۆچەك )،
ئابدۇراخمان ( قەشقەر )،
رەھىمجان ( چۆچەك )،
راشىم ( چۆچەك )،
قاسىمجان ( ئىلى )،
روزى ئاخۇن ( ئىلى )،
ئوسمان ( ئۈرۈمچى )،
نەجمىدىن ( تۇرپان )،
توختى يۈسۈپ ( تۇرپان )،
ئوسمان ئىلى ( تۇرپان )،
نۇر بەگ ( خوتەن )،
شىرىپ داموللا ( خوتەن )،
سېيىت ئەپەندى ( چۆچەك )،
تۇرغۇن ( توخسۇن )،
توختى مەمەت سۇنجاڭ ( توخسۇن )،
تابىلات ( گۇچۇڭ )،
تۇرسۇن ( قۇتۇبى )،
ئولۇشباي ( ئۈرۈمچى )،
ئۆمەر تەيجى ( ئالتاي )،
ئوسمان ( خوتەن )،
سوپى شاڭزۇڭ ( توخسۇن )،
سۇلايمان ھاجى ( ئۈرۈمچى )،
سەلىم ( جىمۇنەي )،
سېيىت نەبى ( بارىكۆل )،
توختى ( كۇچار )،
زۇنۇنباي ( تۇرپان )،
قادىر ئىلى ( چۆچەك )،
يۈسۈپ ( چارقىلىق )،
يۈسۈپ ( ئىلى )،
شىرىپ ( ئىلى )،
شىرىپگۇئۇل ( تۇرپان )،
يۈسۈپ ( جىمۇنەي )،
يۈسۈپ ( كەلپىن )،
بايان ( ئالتاي )،
ئىمىن ھاجى قالا ( تۇرپان )،
ئابدۇللاجان ( قەشقەر )،
ئوسمان ئىلى ( قەشقەر )،
قاسىم روزى ( ئىلى )،
ئىلى ئاخۇنباي ( قەشقەر )،
چىلىمقان ( قەشقەر )،

مۇھەممەد ئىمىن ( خوتەن )،
ھامۇت ھاجى ( ئىلى )،
ئەردەم موللا ( ئىلى )،
مەمەت ئابىدىن ( ئىلى )،
سىرۋورپوپكى ( ئىلى )،
سادىق ھاجى ( ئىلى )،
ئەنۋەر موھىدوپ ( تۇرپان )،
سەيدىن داموللا ( تۇرپان )،
ئىبراھىم لوزۇڭ ( تۇرپان )،
كېرەم قارى ( تۇرپان )،
مەمەت كېرەم ( تۇرپان )،
ئەكرەم قازى ( تۇرپان )،
مۇنامەخسۇت ( تۇرپان )،
مەخمۇتجان ( تۇرپان )،
سادىق ( تۇرپان )،
كانا ۋاھىت ( تۇرپان )،
نەمات ئاخۇن ( تۇرپان )،
ئابدۇرېھىم ( تۇرپان )،
زاھىت ( پىچان )،
مىرزا سادىق ( پىچان )،
كېرەمجان ( پىچان ).

نەيىت شەنجاڭ ( پىچان )،
سانۇشوپ ( قەشقەر )،
ئاق تۇغان ( ئۈرۈمچى )،
سەمەت شاڭيۇ ( تۇرپان )،
كېرەمبەگ ( ئىلى )،
رازىموللا پەتموللا ( تۇرپان )،
يۈسۈپ ھاجى ( ئىلى )،
نىياز دوكەي ( تۇرپان )،
ھىسامىدىن ( تۇرپان )،
كېرەم بايۇپ ( قەشقەر )،
ئىمىن كېرىم ( قەشقەر )،
ئەخمەت ( تۇرپان )،
مەخسۇت خەلىپەت ( قەشقەر )،
ئەخمەت بەگ ( خوتەن )،
ئەخمەت ھاجى ( قەشقەر )،
مۇسا ( چۆچەك )،
سايىت ئىلى ( چۆچەك )،
ئابدۇلھەمىت ( تۇرپان )،
ھاكىمباي ( تۇرپان )،
مامۇت ( تۇرپان )،

شېھىت كەتكەن بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى بىلىملىك زاتلار، ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچىلار، شۇنىڭدەك مۆتىۋەر زاتلار بولۇپ، ھەممىسى تۈيۈقسىز تۇتۇپ كېتىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن. جەسەتلىرى يوشۇرۇلغان، مال ــ مۈلۈكلىرى پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىنغان. بۇنداق قىيىن ــ قىستاق بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەر 200 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، جاللات شىڭ شىسەي تارىختا مەڭگۈ تۆلەپ بولالمايدىغان ھېساپسىز قان قەرزگە بوغۇلغاندۇر.

www.uyghurweb.net

ئاللاھ بۇ شېھىتلەرنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلغاي، بىلىپ ـ بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغاي، ئامىن!

## 4 – باب سىياسىي ھاياتىمنىڭ باشلىنىشى

مەجبۇرى ئۆيلىنىش

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر پۈتۈن يۇرتنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغاندىن كېيىن، ئائىلەمدىكىلەر مەندىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئۇلار مېنى ئوقۇشتىن توختىتىپ، ئۆيلەپ قويۇش مەقسىدىدە تۆۋەندىكىدەك مەكتۇپ يازدى:

«ئۆيدە مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالدى. تەتىلدە چوقۇم ئۆيگە قايتىپ كەلگىن. كۆزدە يەنە ئوقۇشۇڭنى داۋام قىلىسەن. شۇڭا تەتىل بولىشى بىلەنلا بىر يەرگە تاماشاغا كېتىپ قالماي ئۆيگە كەلگىن».

مەن ئۆزەممۇ ئوقۇشتىن ۋاز كېچىش قارارىغا كەلگەن ئىدىم. شۇڭا تەتىلدە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ بوۋام ھاشىر ھاجىمنىڭ ئالدىغا سالامغا كەلدىم. ئۇ ماڭا:

- مەكتەپتە نېمىلەرنى كۆردۇڭ؟ ئېيتىپ بەرگىنە، - دېدى. مەن بوۋامغا:

- ۋاي بوۋا، سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز راس ئىكەن. مەكتەپتە جەددىلىق دەرسلىرى باشلاندى. دەرسنى شېڭ دۇبەن ئۆزى بېرىۋاتىدۇ، ئوقۇشۇم 1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدا باشلاندى، - دېدىم ۋە، - ئەسلى 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار ئىدى، ھازىر 200 ئى قالدى. 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ دېرىكى يوق. شۇڭلاشقا مەمنۇ ئوقۇشتىن ۋاز كېچىش نىيىتىگە كەلدىم، -دەپ قىقويدۇم. بوۋام يەر ئاستىدىن ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى ـ دە، باشقا گەپ قىلمىدى.

ئۇلار ماڭا ئۆيلەندۈرمەكچى بولغان قىز، مەھەللىمىزنىڭ ئىناۋەتلىك كىشىلىرىدىن توختى نىياز دورغا دېگەن كىشىنىڭ قىزى مەنسۇرىخان بولۇپ، 15 ياشتا ئىدى. ئۇ چاغدا مەن 17 ياشتا ئىدىم. ئۆيدىكىلەر پۈتۈن توي ھازىرلىقىنى تەييارلاپ مېنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. بۇ ئىشنى ئانام ماڭا دېدى. مەن، ھازىر

ئۆيلىنىدىغان ۋاقتىم ئەمەسلىكىنى؛ يەنە ئىككى ــ ئۈچ يىلدىن كېيىن بولسا مەيلى ئىكەنلىكىنى؛ ئەگەر قىز تەرەپ ساقلىيالمىسا، باشقا كىمنىڭ قىزى بولسا مەيلى ئىكەنلىكىنى، ئىشقىلىپ كېيىنرەك ئۆيلىنىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ كۆپ تارتىشتىم. ئەمما، ئۆيدىكىلەر ھەممە ئىشنى تەييار قىلىپ قويدۇق، ئەمدى كەينىگە سۈرىمىز دېسەك قىز تەرەپنىڭ يۈز ــ ئابرويى بار كىشىلەر تۇرسا، ئۇلارغا سەت بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوۋاڭ يەنە ئوقۇشقا كېتىپ قېلىشىڭدىن ئەنسىرەيدۇ، ئۆتكەندىمۇ نەچچە قېتىم شۇنداق بولدى. ئوقۇماقتىن ھايات ياشىماق مۇھىمدۇر، دېيىشىپ ئاخىرى ئۇلار ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلدى. شۇنداق قىلىپ 1938 ــ يىلى 10 ــ ئاينىڭ 15 ــ كۈنى توي قىلدىم ۋە يېڭىچە ئائىلە ھاياتىم باشلاندى.

## قورال – ياراق يىغىش ھەيئىتىدە

شىڭ شىسەي ئۆزىگە خەۋپلىك دەپ تونۇلغان ھەر مىللەت زىيالىلىرىنى تۇتۇپ كۆزدىن يىراق قىلغاندىن كېيىن، تاغدىكى چارۋىچى خەلقلەرگە كۆزىنى تىكتى. تاغدا ياشايدىغان قازاق، قىرغىز، موڭغۇل چارۋىچىلار مەدەنىي مائارىپتا ئارقىدا قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نامىدا، شىڭ شىسەي 1939 ــ يىلى قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قۇرۇلتىيى چاقىردى. قۇرۇلتايدا بۇ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا قارارلار قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، «ۋەكىللەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن» تاغدىكى خەلقلەرنىڭ قولىدىكى قورال ــ ياراقلىرىنى يىغىۋېلىش قارارى چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت ۋە خەلق ۋەكىللىرىدىن تەشكىل تاپقان قورال ــ ياراق يىغىۋېلىش ھەيئىتى قۇرۇپ، ئۇرۇمچىدە باش ھەيئەت تەشكىل قىلدى. ناھىيىلەردە شۆبە ھەيئەتلەر قۇرۇلۇپ، ساقچى باشلىقلىرىنى باشلامچى قىلدى. ئەرتۇرك ناھىيىمىزدە ئالتە كەنت بار بولۇپ، نارىنكىر، توركۆل، ئەرتۇرك، باي، ئاداق، نوم كەنتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەرتۇرك بولغىنى ۋە باشقا ئىدارىلەرنىڭمۇ ئەرتۇركتە بولغانلىقى ئۈچۈن، قورال- ياراق يىغىۋېلىش ھەيئىتىمۇ ئەرتۇركتە قۇرۇلدى. ھەر بىر كەنتتىن 5 ــ 6 كىشى بىر گۇرۇپپا بولۇپ، دەسلەپ ئۆز كەنتىگە بېرىپ تەشۋىق قىلىپ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئەرتۇرككە يىغىلىپ، ئىشلىگەن

خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەردى. ئاندىن باشلىق قايتىپ بارغاندىن كېيىن، قانداق قىلىپ خىزمەتنى ئۈتۈقلۇق يۈرگۈزۈش توغرىسىدا پىكىر بېرىشكە زورلىدى. ئوقۇمىغان كىشىلەر نېمە دەپ پىكىر بېرىشنى بىلەلمەي سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتىشتى، باشلىق ئۆزىمۇ بىرەر يول كۆرسەتمىدى. بىز دەسلەپتە سەھرالاردا خەلقنى توپلاپ تەشۋىق قىلغان ئىدۇق. ئەمدى ئۆيمۇ ـ ئۆي كىرىپ تەشۋىق قىلىدىغان بولۇپ كېتىشتۇق. كېيىنرەك ھەممە گۇرۇپپىدىكى ئادەملەرنى ئالماشتۇردۇق. مەسىلەن: نارىنكىرلىك ئالتە كىشى كەنتكە تارقىتىۋېتىلدى. ھەممە گۇرۇپپىدىكىلەر ھەممە كەنتلەرگە تەكشى تارقالدى. قۇمۇل، بارىكۆل ناھىيىلىرىدە ئۈنداق قىلمىغان ئىدى. بىزنىڭ ئەرتۈرك قۇمۇل ئىنقىلابى قوزغالغان جاي بولغاچقا، قورقۇپ ئالاھىدە چىڭ تۇتقان بولسا كېرەك. مەن شۇ خىزمەتلەر بىلەن يۈرت ئارىلاپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەرتۈرك ناھىيىلىك شۆبىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن رەئىس سايلاش ئىشى باشلاندى، كىشىلەر مېنى رەئىس قىلىپ سايلىدى.

## ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئەرتۈرك شۆبىسىگە رەئىس بولۇشۇم

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قانداق تەشكىلات؟

شەرقىي تۈركىستاندا شۇ چاغدا 14 مىللەت بار دەپ ئېلان قىلىنغان ئىدى. ئۇلار ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار، ئۆزبەك، تارانچى، تاجىك، تۇڭگان، خىتاي، موڭغۇل، مانجۇ، شىۋە، سولان ۋە روسلاردىن ئىبارەت بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى بولغىنى ئۈچۈن، شىڭ شىسەي ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نامىدا مىللەتلەرگە مىللىي مەدەنىيەتلىرىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، مىللەتلەر ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىش، ھەممىسىنى ئورتاق خىتاي مەدەنىيىتىگە زورلاشتەك ئىرقچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت تەلىماتى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ قىسمىدا شۇنداق سۆزلەرنى يازغان ئىدى: «بىرلىك ئۈچۈن ئايرىلىپ ئىشلەش، ئايرىلماسلىقتىن

www.uyghurweb.net

بىرلىككە كېلىش». بۇ كىتاپتىكى نەزەرىيىلەرنى دەرھال ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزدى.

بۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى خەلق تەرىپىدىن قۇرۇلدى. ئىقتىسادىي كىرىمى خەلقنىڭ ئۆشرە ــ زاكات، ۋەخپە كىرىملىرى ئارقىلىق بولۇپ، بۇلارنى كەمبەغەل بىچارىلەرگە بەرگۈزمەي ئۇيۇشمىغا كىرىم قىلىپ يىغىۋېلىناتتى. ئۇيۇشما رەئىسلىرى ھەر يىلدا بىر قېتىم سايلىناتتى. 1941 ــ يىلى 9 ــ ئايدا ناھىيىمىزدە سايلام باشلاندى. ھەممە ئادەمنىڭ بېشىغا دەرت چۈشتى. چۈنكى، شىڭ زامانىدا ئەمەلدار بولغان كىشىنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالاتتى. مەن كىچىك ھەم يۇۋاش بولغىنىم ۋە ئۇرۇمچىدە ئوقۇغانلىقىم ئۈچۈن كۆپچىلىك مېنى سايلاپ قويدى. مەن كىچىك، تەجرىبەم يوك، قانداق ئىشلەيمەن؟ دېسەم ھېچكىم قۇلاق سالماي، چاۋاك چېلىپ ئالقىشلاپ سايلاپ قويدى. شۇنداق قىلىپ ئۇيۇشما خىزمەتلىرىنى ئۆتكۈزىۋالدىم. ئەسلىدە ئۇيۇشمىدا بىر تەشكىلى مۇدىر، بىر مالىيە مۇدىرى، بىر تەشۋىقات مۇدىرى، بىر كاتىپ، بىر مۇپەتتىش بولۇشى لازىم ئىدى. ئەمەلىيەتتە ھەممىسىنىڭ ئىسمى بار، جىسمى يوق ئىدى. مەن ھاكىمنىڭ قېشىغا بېرىپ:« ئۇيۇشمىدا ھېچكىم يوق، ئىشلىرىمنى قانداق قىلىمەن؟» دېسەم، ئۇ ــ كۆپ ئىش يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايلىق بېرىدىغان پۇلمۇ يوق، سىزگە كونا رەئىس بەئىدىن ئاخۇن ياردەم قىلسۇن، ـ دېدى. كونا رەئىس چاقىرسا كېلىدىغان، چاقىرمىسا كەلمەيدىغان ئادەم ئىدى. ئاخىرى ئامالسىز ئۆز يېنىمدىن پۇل چىقىرىپ، مەكتەپ مۇدىرى مەھمۇد ئەپەندىنى ياردەمگە ئالدىم. بۇ ۋاقىت دەل ئۆشرە ــ زاكات يىغىدىغان ۋاقىت ئىدى. ئىككى ئاي بۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، قورال ــ ياراق يىغىش ھەيتىدىن قۇتۇلدۇم. ئەمما، ناھىيىنىڭ ئىدارە باشلىقلىق نامىدا خەلق باشلىقلىرى يىغىلىدىغان يىغىنلارغا قاتنىشىمەن. بىر كۈنى مەجلىس ئاخىرىدا ھاكىم: ـ ئۇرۇمچىدىكى سىياسى كادىر يېتىشتۇرۇش كۇرسىغا بىر ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش لازىم، دەرھال كۆرسىتىپ بېرىڭلار، ـ دېدى. ھەممە ئادەم گەپ قىلماي جىم تۇردى. ھاكىم تەكرار سورىغان بولسىمۇ، ھېچكىم جاۋاپ بەرمىدى. بۇ چاغدا مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ گەپ قىلماي جىم تۇردۇم. ھەممىسى ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ھاكىم:

ـ سەن نېمە دېمەكچى؟ سۆزلە، كىمدىن قورقىسەن؟ ــ دېدى.

www.uyghurweb.net

- ئوقۇشقا مەن بارىمەن! ــ دېيىشىم بىلەن ھەممىسى چاۋاك چېلىپ خوش بولدى.

- ئۇنداق بولسا، ئۇيۇشمىغا بىر رەئىس سايلاپ بېرىڭلار، - دېدى ھاكىم. كۆپچىلىك يەنە جىم بولۇپ قالدى. ھاكىم يەنە خاپا بولۇپ: ھېچنەرسىنى ئويلىماي چاۋاك چالىسىلەر، سىلەر كىچىك بالىمۇ؟- دەپ سورىدى. مەن يەنە ئورنۇمدىن تۇرۇپ: ئۈرۈمچى مەدەنىي كادىرلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىدىن بىزگە ئەۋەتىلگەن بىر كىشى كېلىۋاتىدۇ. يولغا چىققىلى خېلى بولدى، پات ئارىدا كېلىپ قالىدۇ. شۇ كىشى رەئىس بولسۇن، - دېدىم.

- ئۈرۈمچىدىن بۇ ھەقتە ئۇقتۇرۇش كەلدى، - دېدى ھاكىمنىڭ كاتىپى مېنىڭ سۆزۈمنى تەستىقلاپ.

شۇنداق قىلىپ، كەلمىگەن كىشىنى رەئىسلىككە بېكىتتۇق. بۇ چاغدا ھاكىم يەنە: - ناھىيىمىزدە دائىم ئادەم يېتىشتۈرەلمەيمىز، شۇڭا يەنە بىر كىشىنى كۆرسىتىپ بېرىڭلار، ئۇمۇ ئوقۇپ كەلسۇن، - دېدى. باشقىلار يەنە جىمىپ كەتتى. ئۇ ياقتا تارتىپ، بۇ ياقتا تارتىپ ئاخىرى نارىنكىردىكى شاكىر خويەن دېگەن كىشىنى كۆرسەتتى. مەن ئوقۇشقا مېڭىش ئۈچۈن تەييارلىققا كىرىشتىم. يىغىلغان ئۆشرە ــ زاكاتلارنى ئامبارغا قويدۇم. ئورۇق ــ تۈلۈك، قوي ــ كالىلارنى ئىدارە باشلىقلىرى يىغىلىپ باھا قويۇپ سېتىشقا باشلىدۇق. نەق پۇلغا سېتىپ پۇل توپلاۋاتقاندا، ئۈرۈمچى كادىر يېتىشتۈرۈش كۇرسىدىن كەلگەن ئابدۇخالىق دېگەن كىشى يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا رەئىسلىكنى دەرھال ئۆتكۈزۈپ بەردىم. مالىيەگە يىغىلغان زاكاتلارنىڭ ھېسابىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىر كۈنى ئاخشىمى خ ئاخۇنىنىڭ ئۆيىگە توپلاندۇق. ھېساپ ــ كىتاپلارنى توپلاپ بولۇپ، نەق پۇلنى ئۆتكۈزگەندە 30 دوللار ( شىڭ چىقارغان يېڭى پۇل ) كەم چىقتى. بۇ پۇل قانداق قىلىپ كەم بولۇپ قالدى؟ دەپ ھەيران بولۇپ تۇرسام خ ئائۇن: - كەم بولدى دىمەي ئورنىنى تولدۇرۇپ قويۇش كېرەك، بولمىسا خىيانەت قىلدى دەپ جازالىنىسىلەر، - دېدى. مەن قورقۇپ يېنىمدىن 30 قويىنى 30 دوللارغا سېتىپ قوشۇپ قويدۇم. كەچتە ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ ئابدۇخالىق:- بۇ پۇلنى ئوغرىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، - دېدى. مەن، - ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا دېگەن بولسىڭىز بىر چارىسىنى قىلاتتۇق، ئەمدى ۋاقىت

www.uyghurweb.net

ئۆتتى، نېمە بولسا بولسۇن ئىشقىلىپ رەئىسلىكتىن قۇتۇلدۇم، ئەمدى تاماشا سىزنىڭ، ـ دېدىم.

شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا يولغا چىقتىم.

## سىياسى كۇرسقا ئوقۇشقا كىرىش

شىڭ شىسەي شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن نوپۇزلۇق كىشىلەرنى، جەمئىيەتتە ئىشلەۋاتقان كادىرلارنى يىغىپ سىياسى تەلىمات بېرىش ئۈچۈن، بىر يىللىق سىياسى كادىر يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقان ئىدى. مەن 3 ـ نۆۋەتلىك كۇرۇسقا چىققان ئىدىم. 1942 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئوقۇش باشلاندى. شېڭشىسەي ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ قېتىمقى كۇرۇسقا 300 ئوقۇغۇچى كەلگەن ئىدى. دەرس باشلىنىپ ئىككى ئاي شىڭ شىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسەت نەزەرىيىلىرى ۋە كوممۇنىستلارنىڭ ماركىس تەلىماتلىرىنى ئۆگەتكەندىن كېيىن، شىڭ شىسەي ھۆكۈمەت قۇرغان ۋاقىت 12 ئاپرېل بايرىمى يېتىپ كەلدى. بىز پاراتتىن ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلىپ جىددىي تەشۋىق قىلىشقا باشلىدۇق. 11 ـ ئاپرېل چۈشتە، شىڭ شىسەينىڭ 3 ـ ئىنىسى خائىنلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، بايرام ئۆتكۈزۈلمەيدۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى. بىز يەنە دەرسىمىزنى داۋام قىلدۇق. 7 ـ ئايغا كەلگەندە گېرمانلار روسىيەگە ھۇجۇم باشلىدى، شۇڭا روسلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى. يىل ئاخىرىدا بولسا شىڭ شىسەي گومىنداڭغا تەسلىم بولدى ۋە دەرھال گومىنداڭ ئۆلكىلىك داڭبۇسىنى قۇردى. مەكتەپلەردە ماركىس تەلىماتلىرى دەرسلىكتىن توختىدى، كىتاپلىرى يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ بىر يىللىق كۇرسىمىزمۇ ئاخىرلاشتى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدىن كېيىن، سىياسى كۇرۇس ئۆزگەرتىلىپ، گومىنداڭنىڭ ئۈچ ئايلىق سىياسى كادىر يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلدى. بىز بۇ كۇرۇستا گومىنداڭنىڭ نەزەرىيىسى بولغان ئۈچ مەسلەك نەزەرىيىسىنى ئۆگەندۇق. بۇ چاغدا، ئۈچكىرىدىن يېڭى كەلگەن مەكتەپ مۇدىرى خۇئاڭرۇجېننىڭ تەشەببۇسى بىلەن پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار كوللىكتىپ گومىنداڭغا ئەزا بولدۇق. 1943 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بۇ كۇرۇسنى پۈتتۈرۈپ يۇرتقا قايتماقچى بولدۇم.

## شىلىڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈش

1943 ـ يىلى شىلىڭ شىسەي غەربى زالغا كىلىپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشتى. شىلىڭ شىسەي مەندىن مۇنداق سوئاللارنى سورىدى:

سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا سەنمىنجۇيى (ئۈچ مەسلەك)گە قارشى كىشىلەر بارمۇ؟

- مۇنداق ئەھۋالدىن بىر نەرسە سەزگىنىم يوق، - دەپ جاۋاپ بەردىم.

شىلىڭ شىسەي يەنە:

- مۇندىن كىيىن دىققەت قىلىڭلار. سەن نەگە بىرىپ، نىمە خىزمەت قىلىسەن؟- دەپ سورىدى. مەن:

- ئۆز يۇرتۇم ئەرتۆركگە بىرىپ مىللىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا ئىشلىسەم، - دىدىم. شىلىڭ شىسەي ماڭا:

- بولىدۇ، ئۆز يۇرتۇڭغا قايتىپ مىللىي ئاقارتىش خىزمىتى قىل، - دىدى.

مەن ئىگىلىپ ئارقىچە مېڭىپ قايتىپ چىقتىم.

شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنى تەلىپىگە بىنائەن ھەر يەرلەرگە تەقسىم قىلدى. مەن يۇرتۇمغا قايتىپ كىلىپ مىللىي ئاقارتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ناھىيەمىزدىكى گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ تەشۇىقات مۇدىرلىكىگە ئەمىر كەلدى. بۇ خىزمەتنى قوشۇمچە ئىشلىدىم. 1944 ـ يىلى شىلىڭ شىسەي مەركىزى يىزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىنىپ چۇڭچىڭغا چاقىرىپ كىتىلدى.

## خىزمەتتىن ئىستىپا بىرىش

شىلىڭ شىسەي كەكتەندىن كىيىن، پۈتۈن ھۆكۈمەت ئىشلىرى بوشاپ كەتتى. خەلقمۇ بىراز ئەركىنلىككە چىققاندەك بولدى. ئەمما ئالتايدىكى ئوسمان باتۇرنىڭ ئادەملىرى ناھىيەمىزنىڭ نارىنكىر كەنتىنى بۇلاپ ـ تالاپ، چارۋال ماللىرىمىزنى ھەيدەپ كىتىپ، بىز ئىغىر ئەھۋالغا دۇچكەلدۇق. ئائىلەمدە ئون كىشى بولۇپ، قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن خىزمىتىمدىن ئىستىپا بىرىپ، 1945 ـ يىلى ئۆيگە قايتىپ كەلدىم.

www.uyghurweb.net

## 5 – باب مىللەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىش

ئىلى ئىنقىلابى ۋە 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى

1944 ـ يىلى ئىلىدا قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، خوشاللىقىمىزدىن دوپپىمىزنى ئاسمانغا ئاتتۇق. ئىلى، ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت گومىنداڭ قولىدىن ئازاد بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. مىللىي ئارمىيە تېز سۈرئەتتە ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرلەپ كېتىۋاتقان، خىتايلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە قاراپ قېچىۋاتقان مەزگىلدە، توساتتىن ئۇرۇش توختاپ تېنچلىق بىلەن ھەل قىلىش قارارى ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدۇق. گومىنداڭ تەرەپ جاڭ جىجۇڭنى سۆھبەت ۋەكىلى قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. ئىستىقلالچىلار رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇل خەيرى تۆرە ۋە ئەخمەتجان قاسىملارنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. ئىككى تەرەپ شىڭ شىسەينىڭ ئاۋالقى ئىش بىناسىنىڭ غربى زالىدا سۆھبەتنى باشلىدى، نەتىجىدە 11 ماددىلىق تېنچلىق كېلىشىمىگە ئىمزا قويىدى. شۇ ئارىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ئەلىخان تۆرىنىڭ غايىب بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. تېنچلىق بېتىمى ئىجرا قىلىنىپ، ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇردى.

1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىمزالانغان 11 ماددىلىق بېتىمنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

1. ھۆكۈمەت شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا سايلايدىغان سالىيام ھوقوقى بېرىدۇ.

2. شەرقىي تۈركىستاندا ئومۇمىييۈزلۈك مۇختارىيەتلىكنى يۈرگۈزۈپ، ھەرقايسى ناھىيەلەردە بىردىن كېڭەش ھەيئىتى قۇرۇپ، كېڭەش باشلىقىنى ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى قىلىش.

3. ھۆكۈمەت دىنىي كەمسىتىشنى بىكار قىلىدۇ. خەلققە تولۇق دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى بېرىدۇ.

www.uyghurweb.net

4. دۆلەتنىڭ مەمۇري، ئەدلىيە ئورگەنلىرى خەت ـ ئالاقىدە خىتايچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقلار تەڭ قوللىنىلىدۇ.

5. باشلانغۇچ، ئورتا مەكتەپلەردە ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقى قوللىنىلىدۇ. ئورتا مەكتەپلەردە خىتاي يېزىقى ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرس قىلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە زۆرۈرىيەتكە قاراپ خىتايچە ـ ئۇيغۇرچە يېزىقلىرى تەڭ قوللىنىلىدۇ.

6. هۆكۈمەت مىللىي مەدەنىيەت بىلەن سەنئەتنى ئەركىن راۋاجلاندۇرۇشنى بەلگىلەيدۇ.

7. هۆكۈمەت مەتبۇئات، يىغىن ئۆتكۈزۈش ۋە سۆز ئەركىنلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

8.هۆكۈمەت باج نىسبىتىنى خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە هەمدە قۇدرىتىگە قاراپ بەلگىلەيدۇ.

9. هۆكۈمەت سودىگەرلەرگە ئىچكى ـ تاشقى سودىگەرلىكنى بېرىدۇ.

10. مىللىي ئارمىيە قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

11. ئىككى تەرەپ قولغا ئالغانلارنى 10 كۈن ئىچىدە قويۇپ بېرىدۇ.

مەركىزى هۆكۈمەت ۋەكىلى : جاڭ جىجۇڭ

خەلق ۋەكىللىرى : رەهىمجان سابىر هاجى، ئوبۇل خەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى

1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك هۆكۈمەت ئۆزگەرتىلىپ، بىرلەشمە هۆكۈمەت قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئەزالىرى تۆۋەندىكىدەك:

جاڭ جىجۇڭ ـ رەئىس

ئەخمەتجان قاسىمى ـ مۇئاۋىن رەئىس

بۇرهان شەهىدى ـ مۇئاۋىن رەئىس

لىيۇ مىڭچۇن ـ باش كاتىپ

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ـ مۇئاۋىن باش كاتىپ

سالىس ـ مۇئاۋىن باش كاتىپ

لۇ يۇۋىن ـ مالىيە نازىرى

ما تىڭشاڭ ـ مۇئاۋىن مالىيە نازىرى

ۋاڭ زىڭشەن ـ ئىچكى ئىشلار نازىرى

www.uyghurweb.net

رەھىمجان سابىر ھاجى ــ مۇئاۋىن ئىچكى ئىشلار نازىرى
مۇھەممەد ئىمىن ــ قۇرۇلۇش نازىرى
كۇ چىيەنجى ــ مۇئاۋىن قۇرۇلش نازىرى
سەيپىدىن ئەزىزى ــ مائارىپ نازىرى
سەي زۇڭشىيەن ــ مۇئاۋىن مائارىپ نازىرى
جاڭ جىيەنفىڭ ــ ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارما باشلىقى
دەلىلقان ــ سەھىيە باشقارما باشلىقى
ئىلىخان تۆرە ــ ئىلى ۋالىسى
ئوسمان باتۇر ــ ئالتاي ۋالىسى
ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ــ قەشقەر ۋالىسى
ئىشاقبېك ــ ئامانلىق ساقلاش شتابى مۇئاۋىنى
ئەيسا ــ ھۆكۈمەت ئەزاسى
جوڭ دىخۇئا ــ ھۆكۈمەت ئەزاسى
گۇئەن زىليالڭ ــ ھۆكۈمەت ئەزاسى

## ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا سايلىنىش

11 ماددىلىق بىتىمنىڭ 1 ــ ماددىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن، يەرلىك مۇختارىيەت يۈرگۈزۈلۈپ، 1946 ــ يىلى كۈزدە يۈرتىمىزنىڭ بارلىق ناھىيىلىرىدە ئەركىن سالىيام ئۆتكۈزۈلۈپ، ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىملار سايلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭدەك، ناھىيىلەردە كېڭەش ئەزالىرى ۋە باشلىق سايلىنىپ، خەلق كېڭىشى قۇرۇلدى. جۇملىدىن، ئەرتۇرك ناھىيىمىزدىمۇ يەرلىك مۇختارىيەت ــ كېڭەش قۇرۇلدى. ناھىيىمىزدە ھاكىم سايلىمى ۋە كېڭەش ئەزالىرى تەڭلا سايلاندى. ئابدۇللا ھاكىم، توختى§ مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ سايلاندى. ئەبەيدۇللا ( مەن )، توختى سۇن، سەيدۇللا، ئىدرىس، توقسۇن بەگ، ئىلى بوجاڭ، ئىلى ئاخۇن، توختى نىياز، خوجى ئابدۇللا، سەدەنباي، نىغمان شاھ ياقۇپ دىققان، ناسىراخۇن، بەدى ئاخۇن، مامۇتاخۇن، ناسىر بايلار كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ناسىراخۇن كېڭەش باشلىقى، مەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى بولۇپ سايلاندىم. قۇمۇلدا ئۈچ ناھىيە بار

بولۇپ، قۇمۇل ناھىيىسىدىن مەرھۇم ئىسمايىل تاھىرى، بارىكۆلدە خىتاي كۆپ بولغاچقا جاڭ جايۇ دېگەن خىتاي ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندى.

## ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىدا

1947 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىغا چاقىرىق كەلدى. مەن مېڭىش ئالدىدا ھاكىم ئابدۇللا بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ، ئون نەچچە يىلدىن بېرى كەمبەغەللەرنىڭ بويىنىدا قەرز قالغان 360 دا دەن ئاشلىق پاراق بار. بۇنى ھۆكۈمەتكە ئېيتىپ كۆتۈرۈۋېتىش كېرەك، بۇنى بېجىرىپ كېلىڭ، باشقا ئىشلارنى ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلارسىز، دېدى. قۇمۇلغا كەلگەندە، قۇمۇل ۋالىسى لى لاڭشىڭ دېگەن خىتاي يول راسخوتلىرىمىزنى بېرىپ، يولدىكى خىزمەتتىمىز ئۈچۈن ئادەم، ماشىنا ئاجرىتىپ، كەچتە ئۇزۇتۇش زىياپىتى بەردى. ئىسمايىل ئەپەندى، جاڭ جايۇ ئۈچىمىز زىياپەتكە قاتناشتۇق. ۋالى مەندىن، - ئەرتۇرك خەلقىنىڭ ھالى قانداق؟ ـ دەپ سورىدى. مەن ئەرتۇركتە ئالتە كەنت بارلىقىنى، ئۈچ كەنتتىكىلەر ـ نوم، باي، ئاداق كەنتىدىكىلەر ئوغۇت، سۇ يېتىشمەسلىكتىن، ئېتىزغا ئاشلىق تېرىپ قومۇش ئورۇپ ئالغانلىقىنى، بىر تاغار بۇغداي تېرىسا، ئاران 4 ـ 5 تاغار بۇغداي ئالىدىغانلىقىنى، ھوسۇللىرىنى ھەر يىلى يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى، ئەھۋالىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى؛ نارىنكىر، توركۆل، ئەرتۇرك كەنتلىرىدە خەلق چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، 6 ـ 7 يىلدىن بېرى ئالتايدىكى ئوسمان باتۇرنىڭ ئادەملىرى كۆپ قېتىم چارۋا ـ ماللارنى بۇلاپ ـ تالاپ ھېچ ھالىنى قويمىغانلىقىنى، ھەتتا بىر نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى؛ گۈچۈڭ، مورى، بارىكۆلدىكى قازاقلار بىلەن چىڭخەي، گەنسۇ تەرەپتىكى قازاقلار ھەر قېتىم ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتكەندە ئاتلىرىمىزنى ئوغرىلاپ ئارام بەرمەيۋاتقانلىقىنى، چېگرا ساقلاش ئەسكەرلىرى بىلەن ساقچى ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ ھېچقانداق چارە قوللانمىغانلىقىنى، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭمۇ ھالىنىڭ بەك ناچار ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. ۋالى مەندىن، قانداق پىكرىڭ بار؟ دەپ سورىدى. مەن، مەنمۇ شۇ بۇلاڭچىلارنىڭ بىرى، ئۆيۈمدە ئون كىشى بار، ھازىر كۈنىمىزنى ئاران ئۆتكۈزۈۋاتىمىز، پىكىر بەرگۈدەك ھالىم يوق، - دېدىم. ۋالى بولسا، - بارىكۆل

www.uyghurweb.net

ۋەكىلى سىزدىن ئاۋال سۆزلەشكىنىمدە، ئەرتۇرك، بارىكۆلدىكى قازاقلارنى ئالتايغا قايتۇرۇش كېرەك، دېدى. سىزنىڭ نېمە پىكرىڭىز با؟- دەپ سورىدى. مەن بولسام:- بۇ ياخشى چارە ئىكەن، قوشۇمچە پىكرىم، شىڭ شىسەي ۋاقتىدا چىڭخەي، گەنسۇ تاغلىرىغا قېچىپ كەلگەن قازاقلارنىمۇ ئالتايغا قايتۇرۇۋېتىش كېرەك. ئەمما، بۇ ئىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشى كېرەك، - دېدىم. ۋالى بىزنى يېمەككە تەكلىپ قىلدى ۋە ئەتە سائەت 8 دە يولغا چىقىدىغانلىقىمىزنى، ھەمدە قاتناش ئىدارىسىدا ئۈزۈتۈپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە 100 مىڭ تۈركىستان پۇلى تارقاتتى ۋە ئۇنىڭ قەرىز پۇل ئىكەنلىكىنى، قايتىپ كەلگەندە ھېساپ بېرىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. ماشىنا بىلەن يولغا چىقتۇق. خىزمىتىمىزگە قوشۇپ بەرگەن كىشى يول بويى راسخودىمىزنى بېرىپ، ئىشلىرىمىزنى قىلىپ بىللە ماڭدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. ھۆكۈمەت كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ياتىقى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان ئىنىستىتوتىنىڭ بىناسىنى ھازىرلاپ قويغان ئىكەن، ئۇ يەرگە چۈشۈپ ئورۇنلاشتۇق. خوتەن، تۇرپان ۋە قارا شەھەر ۋەكىللىرى شۇ يەردە ئىكەن. كېڭەش باش كاتىۋى بىزنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. بىز قۇمۇلدىن كەلگەنلىكىمىزنى ئېيتىپ، ۋالىنىڭ قەغىزىنى تاپشۇردۇق. ياتاقلىرىمىز تەييار بولغىچە ئاز تەخىر قىلىشىمىزنى تاپىلاپ، مەندىن:- مېنى تونىدىڭىزمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:- ئەلۋەتتە تونۇدۇم، شۇنچە كۆپ ئوقۇغۇچى ئىچىدە ئۇنتۇپ قالغاندۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. مىشۇجاڭ ( كاتىپ )نىڭ خاتىرىسى بەك ياخشى ئىكەن، - دېدىم. ئىسمايىل تاھىر تەرجىمە قىلدى. بىز ياتاقلىرىمىزغا ئورۇنلاشتۇق. ئۈچىمىز گومىنداڭ ئەزاسى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئەتىسى بىرلىكتە گومىنداڭ باش كاتىۋىنى زىيارەت قىلدۇق. ئۇ كىشى بىزدىن مەمنۇن بولۇپ، يولىيورۇق كۆرسۈتۈپ بىر نېمىلەرنى سۆزلىدى. بىلىشىمچە، ئىلى تەرەپنىڭ ئارقىسىدا روسلار بار، ئۇلار ئىلىخان تۆرىنى تۇتۇپ كەتتى. بىز ئۇلارغا قەتئىي قارشى تۇرايلى، دېگەندەك بىر نېمىلەرنى سۆزلىدى. بىز ئۇ يەردىن چىقىپ، بارىكۆل ۋەكىلى جاڭ جايۇ دېگەن خىتاينىڭ مەركىزى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا كەتتى. ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ئىبراھىم تۇردى دېگەن كىشى ئىكەن. ئۇيۇشما خىزمەتچىسى بىزنىڭ كىملىكىمىزنى ۋە كىمنى ئىزدەيدىغانلىقىمىزنى سورىدى. بىز، قۇمۇل ۋەكىلى ئىكەنلىكىمىزنى ۋە ئۆز

www.uyghurweb.net

ئىسمىلىرىمىزنى تونۇشتۇردۇق، ئۇ خىزمەتچى بىزنى مەجلىسخانىغا باشلاپ كىردى، بۇ چاغدا ئىبراھىم تۇردى كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنى تونۇمايدىكەنمەن، ئەمما ئىسمايىل تاھىرى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان ۋاقتىدا تونۇشۇپتىكەن. بىز كۆرۈشۈپ، تونۇشۇپ ئەھۋاللاشتۇق. ئىبراھىم تۇردى بىزگە، ئىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. مەن تاغدا ئۆسكەن ئادەم بولغىنىم ئۈچۈن، ھېچ يۇز خاتىرە قىلماي: ـ ئىلىخان تۆرە ئىنقىلابنى باشلاپ قويۇپ ئۆزى يوقاپ كەتتى، بىز بۇ ۋەزىيەتتىن ئەندىشە قىلىۋاتىمىز، ـ دېدىم. ئىسمايىل ئەپەندىمۇ تەڭ قوشۇپلا:

ـ شىڭ شىسەينىڭ دەۋرى يەنە بېشىمىزغا كېلىپ قالمىغىدى، ـ دېدى. ئىبراھىم تۇردى بىزنىڭ ئاساسلىق سۆزلىرىمىزگە جاۋاپ بېرەلمەي، يۈزى قىزىرىپ كەتتى ۋە:

ـ ياق!ياق! ئۇنداق ئەمەس، ـ دەپلا قويدى.

سۆھبىتىمىز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ياتاققا قايتىپ بىرىپ چۈشلۈك تاماققا كىردۇق. بىز ئۇرۇمچىدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزەتسەك، ئومۇمەن جەمىيەت ئىككى قاينامدا قايناۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىرى گومىنداڭ تەرەپ، بىرى شەرقىي تۈركىستان تەرەپ ئىكەن.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋەكىللىرى كەلدى ۋە شىڭ شىسەينىڭ 2 ـ تۈرمىسىگە چۈشتى. چۈنكى، ئۇلار شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىنى روسلارنىڭ قولچۇمىقى دەپ گومىنداڭ تەرەپنى قوللىغانىمىش. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، قاراشەھەرنىڭ ۋەكىللىرى، خىتايلارمۇ 2 ـ تۈرمىگە كۆچۈپ كەتتى ( شۇ چاغدا شىڭ شىسەينىڭ 2 ـ تۈرمىسى ياتاقخانە قىلىنغان ئىكەن ). ئىككى كۈندىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋەكىللىرى كەلدى. ئۇلار كېڭەش ياتاقخانىسىغا چۈشتى. ئارقىدىنلا ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ۋەكىللىرى كەلدى ھەمدە كېڭەشكە چۈشتى. شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى ھەممىسى سارجىدىن بىر قۇر كاستۇم ـ بۇرۇلكا كەيگەن بولۇپ، كىيىملىرى ئوخشاش، يۈتلىرىدا سوۋېتنىڭ ئۆتۈكلىرى بار ئىدى. بىر قارىماققا قىزىل ئارمىيە پوسونىدا ياسانغان ئىدى. ياتاقتىكى ئۇيغۇرلار ھەممىمىز كىرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتۇق. ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولغاندىن كېيىن، مەجلىستە يەنە شۇ ئىككى قاينام باشلاندى.

www.uyghurweb.net

# كېڭەشنىڭ بۆزۈلۈشى

ئۆلكىنىڭ ساليام ھەيئىتى ئارقىلىق پۈتۈن ۋەكىللەرنىڭ ( كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ) سالاھىيىتى تەكشۈرۈلدى. قەشقەردىن كەلگەن 4 نەپەر كېڭەش ئەزاسىنى يالغان باھانىلار بىلەن قالدۇرۇپ قويۇپ، ئورنىغا 4 نەپەر كىشىنى سەپلەپ كىرگۈزدى. سەپلەنگەن كىشىلەرگە قەشقەرنىڭ ۋالىيسى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئالاقە يېزىپ بەردى. شۇنىڭدەك، ئىلى ۋىلايىتىدىن 3 نەپەر، چۆچەكتىن بىر نەپەر، ئالتايدىن بىر نەپەر بولۇپ جەمىي 9 نەپەر كېڭەش ئەزاسى چىقىرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ۋىلايەت ۋالىلىرى ئالاقە يېزىپ ئورنىغا كىشى سەپلىدى. شۇ سەۋەپتىن، ساليام ھەيئىتى تەرىپىدىن ساليام قانۇنىدىكى مىللەت ۋەكىللىرىنى مىللەت سايلايدۇ، ھۆكۈمەت مىللەت ۋەكىللىرىنى كۆرسىتەلمەيدۇ. مىللەت سايلىمى بولسا، قانۇنەن توختۇتۇلغان ۋاقىتىدىلا سايلام قىلالايدۇ، خالىغان ۋاقىتىدا ساليام قىلالمايدۇ، دېگەن قانۇن ـ ماددىلارغا قارشى توغرا بولمىغان قانۇنلارنى باھانە قىلىپ تالاش ـ تارتىش چىقتى.

ئىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىل سانى گومىنداڭ ۋەكىللىرىنىڭ سانىغا يەتمىگەچكە، ئۇلار ئۇيغۇر كېڭەش ئەزالىرىنى ئۆز تەرىپىگە تارتىشقا ھەرىكەت قىلدى. بۇ ئەھۋالدا بىزمۇ ئۇيغۇر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىلى تەرەپنىڭ يولىنى تۇتۇشىمىز لازىم ئىدى. بىراق ئىلىخان تۆرىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىزنى ئەندىشىگە سالدى. شىڭ شىسەي زامانىنىڭ تەكرارلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىسمايىل تاھىر ئىككىمىز مەسۇد ئەپەندى، مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت ، ئەيسا ئەپەندىملەرنىڭ قېشىغا كەتتۇق. ئۇلار بىلەن بۇرۇن تونۇشمايتتۇق. ئايرىم ـ ئايرىم كۆرۈشۈپ ئەھۋالاشتۇق، شۇنىڭدەك نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ئەھۋالىدىن يولىيۇرۇق سورىدۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا:- ئىلى ئىنقىلابىنىڭ ئارقىسىدا روسلار بار، ئېھتىيات قىلىش كېرەك، - دېدى. شۇنداق قىلىپ ئىدارىمىزگە كەلدۇق ۋە ئىككىمىزنىڭ ھېچبىر تونۇشى بولمىغاچقا، ھەر كۈنى دېگۈدەك كېڭەشنىڭ ئارقا مەيدانىدىكى يېشىل چىملىقتا چىقىپ ھاۋالانغاچ ، شۇنداق ئەھۋاللاشتۇق:خىتاي بىلەن روسىيەدىن ئىبارەت ئىككى كۈچلۈك دولەتنىڭ

www.uyghurweb.net

ئارىسىدا نىمە كۈنلەرنى كورىۋاتىمىز، بۈگۈنكى كۈندە ئەركىنلىك ، ئازاتلىقتىن ئۈمۈت يوق.بىز شۇ سوزلەرنى دىيىشىپ تۇتغاندا ، يەنە ئىككى كىشەش ۋەكىلى كەلدى ۋە يىنىمىزدا بىلە ئولتۇردى.ئۇلارنىڭ بىرسى توخسۇن ۋەكىلى ھەمدۇللا تارىم، يەنە بىرى پىچاننىڭ ۋەكىلى ئىساق بەگ ئىكەن .ئۇلار بىزدىن بۇرۇن كەلگەچكە ، ۋەزىيەتنى بىر قۇر سوزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا ، شىڭ شىسەي دەۋرى ئايلىنىپ يەنە بېشىمىزغا كېلىپ قالارمۇ؟ دېيىشتى. بىزمۇ شۇنداق ئەندىشە قىلىۋاتىمىز، دېدۇق. كەچتە ياتاقلىرىمىزغا تارقىلىشتۇق. ئەتىسىلا گومىنداڭ بىر خەۋەر تارقاتتى. مەسئۇد ئەپەندى ئۆلكە رەئىسلىكىگە، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ئەيسا ئەپەندى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلىنىدىغان ئىكەن. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئاچچىقلاندى. شۇ كۈنى ھېلىقى تۆتىمىز يەنە ئوتلاقتا كېلىپ ئولتۇرۇپ تۇرساق، يەنە ئىككى كىشەش ئەزاسى يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلارنى ھەمدۇللاھ تارىم بىزگە تونۇشتۇردى. ئۇلارمۇ تۇرپان ۋەكىلى بولۇپ زىيائى ۋە سىراجىدىنلار ئىكەن. ئارىلىقتا پاراڭدا مەسئۇد ئەپەندىنىڭ رەئىسلىكىدىن سۆز باشلاندى. ئۇلار بىزگە، جاڭ جېڭشى بىزنى ئالداش ئۈچۈن بۇلاردىن قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىۋاتىدۇ، بىز ھەرگىز ئالدانمايمىز، دەپ بىزنى گەپكە سالماقچى بولدى. بىزدە ھېچقانداق ئىپادە سەزمىگەندىن كېيىن، سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ:ـ مەسئۇد بىر قورچاق، خىتاينىڭ ھۆكمى بىلەن ئىش قىلىدۇ، ـ دېيىشتى. بىز بولساق:ـ نېمە بولسۇن، بىر ئۇيغۇر بالىسى ئىش بېشىغا چىقتى، تارىختىن بۇيان مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر پۇرسەت ئەمدى كەلدى، ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە دىمەكچى سىلەر؟ ـ دېدۇق. بۇ سۆزنى ھەمدۇللاھ تارىم دېگەندى، بىز ئۇنى قوللىدۇق. ئۇلار بىزنىڭ قايسى تەرەپ ئىكەنلىكىمىزنى بىلدى. بىزمۇ كېڭەشتە تۆت كىشىلىك بىر گۇرۇپپا بولۇپ شەكىللەندۇق ۋە ئەتىسى ئەيسا ئەپەندىگە تېلېفون ئاچتۇق ھەمدە زىيارەتكە كېلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق، ئۇ قوبۇل قىلدى. كەچتە بېرىپ زىيائى ۋە سىراجىدىنلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى مەلۇم قىلدۇق. ئەيسا ئەپەندىم بىزگە شۇلارنى سۆزلەپ بەردى: ـ بۇمۇ روسلارنىڭ سىياسى نەيرىڭى، قارا ئىت، سېرىق ئىت ھەممىسى بىر ئىت. بۇلار بىزنى يەپ كېلىۋاتقان ئىتلار، يەنە داۋاملىق يېمەكچى، ھازىر خىتايلارنىڭ بىزنىڭ بېشىمىزغا سېلىنغان يىپ نوختا، روسلارنىڭ تۇزىقىغا چۈشسەك، ئۇلار بېشىمىزغا تۆمۈر نوختا

www.uyghurweb.net

سىلىپ قويىدۇ. تۆمۈر نوختىنى چاقماق ئاسان ئەمەس، يىپ نوختىنى سۆرەپ يۇرۇپ ئۈزۈش مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا، كۆرۈنۈشتە گومىنداڭ تەرەپكە قوشۇلساقمۇ، ئەمما سىرىق ئىتنىڭ ئاغزىدىن ئۆزىمىزنى قانداق ساقلاپ قالىمىز؟ قارا ئىتنىڭ ئاغزىدىن قانداق قۇتۇلىمىز؟ قىرىنداشلىرىم، بۇنىڭ ئۈچۈن قەتئىي كۆرەش قىلىشىمىز لازىم!

مانا هازىر مەرھۇم مەسئۇد ئەپەندى، مەرھۇم ھەزرىتىمدىن ئايرىلدۇق، ئەيسا ئەپەندىم هازىر ئارىمىزدا بار.

بىز ھەممىمىز كېڭەشكە قايتىپ كېلىپ كەچلىك تاماقتىن كېيىن، يەنە يېشىل چىملىقتا چىقىپ جەم بولدۇق. ھەمدۇللاھ تارىم مۇنداق دېدى:ـ نېمە بولسا بولسۇن، بۇ شارائىتتا خىتايلار بىلەن بىرلىشىپ سىرىق ئاپەتكە قارشى تۇرايلى، شۇ ئاپەتتىن ئۆزىمىزنى ساقلاپ قالساق، ئاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا، بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن مېڭىپ قارا ئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى.

ھەممىمىز ئۇنىڭ سۆزىنى توغرا تاپتۇق، شۇنداق مەسلىھەتلەشتۇق. بۇ ئاپەت ئۈزۈن يىللاردىن بۇيان بېشىمىزغا مىنىپ يىلتىز تارتىپ كەلدى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادە بىلەن ھارماي ـ تالماي داۋاملىق ئۇزۇن مۇددەتنى كۆزلەپ كۆرەش قىلىش كېرەك، ئىرادىمىزنى ئاللاھنىڭ تەغدىرىگە باغلاپ، نېمە بولسا شۇنى كۆرەمىز دېيىشىپ ياتاقلىرىمىزغا تارقىلىشتۇق.

ئەتىسى مەسئۇد ئەپەندىلەرنىڭ خىزمەتكە تەيىنلىكى ئېلان قىلىندى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللىرى باشقا ئۇيغۇر ۋەكىللەرنى ئۆز ئەتراپىغا تارتالمىغانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭنىڭ يېڭى تەدبىرىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ قەشقەر ۋە تۇرپاننىڭ ئىككى ۋەكىلى بىلەن غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن كېڭەش بۇزۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستانچىلارنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق پۈتۈن ئەمەلدارلىرىمۇ كەتتى، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەسئۇد ئەپەندى، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا ئەپەندىلەر چوڭ يىغىندا ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى.

## خەلقنىڭ تەلىۋى ۋە ئەرزى

كېڭەش بۇزۇلغاندىن كېيىن، باشقا ۋىلايەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىمۇ يۇرتلىرىغا قايتتى. ناھىيىمىز كەمبەغەل، خەلقنىڭ قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغاچقا مەن بۇ ئەھۋاللارنى مەجلىستە ئوتتۇرىغا قويماقچى ئىدىم. يىغىن تارقالغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت مەيلى قوبۇل قىلسۇن ياكى قوبۇل قىلمىسۇن ئەرىز يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەرىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) كۆپ يىللاردىن بۇيان دېھقانلىرىمىز تاپشۇرالماي قالغان 600 تاغار ( بىر تاغار 360 جىڭ ھېسابلىنىدۇ ) بۇغداي پاراقنى كۆتۈرىۋەتسە، بىكار قىلسا.

(2) ناھىيىمىزدىكى نارىنكىر كەنتىنىڭ ئېقىن سۈيىنى يار كۆل كەنتىنىڭ دېھقانلىرى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ بەرمەيدۇ، ھۆكۈمەت ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ بەرسە.

(3) نارىنكىر كەنتىمىزنىڭ 80 ئۆيلۈك ئاھالىسى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالتايدىكى نۇرقۇباي باتۇر ھەر دائىم كېلىپ چارۋا ـ ماللىرىمىزنى بۇلاپ تۇگەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر قانچە ئادىمىمىزنى ئۆلتۈرىۋەتتى. شۇڭا ھۆكۈمەت 100 مىليون سوم پۇل ياردەم بەرسە.

بۇ ئەرىزنى ھۆكۈمەتتىكى مەسئۇد ئەپەندىگە سۇندۇم ۋە ئەھۋاللارنى ئېغىزچە مەلۇم قىلدىم. ئۇ ئەھۋاللارنى بىلىپ مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەرگە تاپشۇرماقچى بولدى. پۈتۈن كېڭەش ئەزالىرى كەتكەن بولسىمۇ، مەن بۇ ئىشلىرىمنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە قالدىم. نەتىجىدە ئەرىزلىرىم قوبۇل قىلىندى، قەرز ئاشلىق بىكار قىلىندى. سۇ ھەققىدىكى ئەرىزنى قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بەردى. بۇلاڭغا ئۇچرىغان چارۋا ماللىرىمىز ئۈچۈن 40 مىليون سوم پۇل ياردەم بەردى. مەسىلە ھەل بولغاندىن كېيىن قايتماقچى بولۇپ تۇرغاندا قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئۈچ ئايلىق كۇرۇسقا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدى، ئۇلار بىلەن ئەھۋاللاشتىم.

شۇ كۈنلەردە شەرقى تۈركىستان ئىنىستىتوتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى يازلىق تەتىلگە كەتكەن بولۇپ، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۈچ ئايلىق تەربىيىلەش كۇرۇسلىرى ئېچىلىپ قۇمۇلدىن 20 ئوقۇتقۇچى ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇلار بىر كۈنى كېڭەش مەركىزىگە مېنى ئىزدەپ كەلدى ۋە شىكايەتلىرىنى ئاڭلاتتى: كەلگەندىن بېرى توغرا ـ تۈزۈك دەرس

ئۆتۈلمىگەندىن باشكا كۆرسانتلار ئارىسىدا سىياسىي تەشۋىقات ئەۋج ئالغان بولۇپ، قۇمۇلدىن كەلگەنلەرنى « خىتايچىلار » دەپ كەمسىتىپتۇ، دوسكىلارغا « خىتايچىلار » دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. ئۇلار بىز روسچىمۇ خىتايچىمۇ ئەمەس، ئۇنداق ئىشلار بىلەن ئالاقىمىز يوق دېسىمۇ كەمسىتىشلەر داۋام قىلىپتۇ، ئۇلارغا چوڭ روھىي بېسىم بوپتۇ. ئۇنى ئاز دەپ ئاشخانىنىڭ تامىقى بەك ناچار بولۇپ بەزىدە قۇرۇق نان يەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە مەكتەپ تاماق پۇلىغا خىيانەت قىلىۋاتقان بولسا كېرەك.

مەن ئەھۋاللارنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، ئىسمايىل تاھىر پىچانغا كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزەم ئەيسا ئەپەندىمگە ئىنكاس قىلدىم. ئەيسا ئەپەندىم:ـ مۇئەللىملەرنى ئەتە ياشلار ئۆمىكىگە ئېلىپ كېلىڭ، ئۇلار ئوقۇمىسۇن قايتىپ كەتسۇن، ـ دېدى. ئەتىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قۇمۇللۇق مۇئەللىملەر خوش بولۇپ كەتتى. كېچەشتىن ئېلىپ كەلگەن ئاپتۇۋۇز بىلەن ئۇلارنى ياشلار ئۆمىكىگە ئېلىپ كەلدىم. ئۇلار ئۆز ئاغزى بىلەن ئەھۋالنى ئەيسا ئەپەندىمگە سۆزلەپ بەردى، ئەيسا ئەپەندىم ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە 50 مىڭدىن پۇل بەردى. مەن ئۇلارنىڭ كېتىشى ئۈچۈن قۇمۇل ئالمۇتا شىركىتىنىڭ ئايروپىلان بىلىتىدىن 20 نى ئېلىپ بەردىم. ئايروپىلان بىلىتى شۇ چاغدا بىر قاپ سەرەڭگە بىلىتىچىلىك ئىدى. ئۇلار خوشال بولۇشۇپ ئەيسا ئەپەندىم بەرگەن پۇللىرىغا ئۆيىگە سوغا ـــ سالام ئېلىپ قايتىپ كېتىشتى. بۇ بىچارىلەرنى سېرىق ئىتلارنىڭ ئاغزىدىن

قۇتۇلدۇرۇپ يولغا سېلىپ قويسام قارا ئىتلارنىڭ ئاغزىغا چۈشتى.

بىر كۈنى تاشقىرىدىن قايتىپ كەلسەم، ئىشىك ئالدىدا قۇمۇللۇققا ئوخشاش بىر كىشى تۇرىدۇ. سورىسام قۇمۇلدىن كەلگەنلىكىنى، مېنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە: ـ ئىمىن نۇرۇللا باشلىق ئوقۇتقۇچىلارنى سېلى بېشىنى سىلاپ يولغا سېلىپ قويغان ئىكەنلا، ئۇلار قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەندە ھەممىسىنى « كوممۇنىست » دەپ تۇتۇپ ئەسكىرى ئىدارىگە سولاپ قويدى، ـ دېدى.

ـ كىم قىلدى بۇ ئىشلارنى؟ ـــ دەپ سورىسام:

ـ ئەخمەت زەكى بىلەن ياقۇپ بەگلەر تۇتۇپ بەردى. كۆپچىلىك مېنى ئۆزلىرىگە ئىلتىجا قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، مۇمكىن بولسا ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويسىلا، ـ دېدى.

ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بىر مۇنچە ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەرنى « كوممۇنىست » دەپ تۇتۇپ كېتىپتۇ. مەن ئەسلىدە قايتىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان ئىدىم. ئۇ كىشىنى قايتۇرۋېتىپ بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قالدىم.

ئەتىسى كېچەشىنىڭ باش كاتىۋى ئارقىلىق باش قوماندان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن رۇخسەت ئالدىم. شۇ كۈنى سائەت 11:30 دا مېنى قوبۇل قىلدى. مېنىڭ زەكىچىن ئىسىملىك بىر قازاق دوستۇم بار ئىدى، ئۇ شۇ يەردە تەرجىمان ئىكەن، ئۇ تەرجىمانلىق قىلىپ بەردى. مەن، ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا بارغان، نامى ئانچە ياخشى بولمىغان ئەخمەت زەكى دېگەن كىشىنىڭ قۇمۇلغا بېرىپ، قۇمۇل ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ساۋاتسىز، ئىسمىنىمۇ يازالمايدىغان ياقۇپ بەگ بىلەن بىرلىشىپ قۇمۇلدىكى 50 تىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچىلەرنى « كوممۇنىست » دەپ قولغا ئېلىپ سولاپ قويغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كوممۇنىست ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىق تەكشۈرۈپ، ھەقىقىي دەلىل ـ ئىسپات ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىگە قاراپ ئايرىش كېرەكلىكىنى، بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەتىلدە ئۈرۈمچىگە كېلىپ شەرقى تۈركىستان تەرىپىنى تۇتقانلارنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچراپ روھى بېسىمغا چىدىماي كەتكەنلىكىنى، ئەيسا ئەپەندىمگە ئەرز قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنى بىزنىڭ قايتۇرۋەتكەنلىكىمىزنى، ئۈرۈمچىدە كوممۇنىستلارنىڭ ئوقۇشىنى تاشلاپ قۇمۇلغا بېرىپ كوممۇنىست دەپ تۇتۇلغانلىقىنىڭ قەتىي توغرا بولمىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئاخىرىدا قۇمۇللۇقلارنىڭ ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇلارنى ناھەق ھۆكۈمەتكە نەپرەت ئوقۇتساق، باشقىلارغا خىزمەت قىلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى، شۇڭا باش قوماندان سوڭ شىلىيەندىن يوليورۇق سوراپ كەلگەنلىكىمنى ئېيتتىم. سوڭ شىلىيەن مېنى ئەتىسى كېلىشكە بۇيرىدى، ئەتىسى كەلسەم بىر پارچە خەت بېرىپ، بۇ ياشلارنىڭ ئىشىنى مۇ شىجاڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلىڭلار، دېدى. مەن كۆپ رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كېچەشكە قايتىپ كەلدىم. كېچەشىنىڭ كاتىۋى ئەھۋالنى ئاڭلاپ:ـ سوڭ شىلىيەننىڭ مۇ شىجاڭغا يازغان خېتى بەك مۇھىم، ئەمدى ئىشلىرىڭىز پۈتۈپتۇ، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن كېچەشكە ۋاكالەتەن سىزنى تەغدىرلەيمەن، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆپ ئىشلارنى ھەل

www.uyghurweb.net

قىلدىڭىز، ھەقىقىي كېڭەش ئەزاسى، خەلق ۋەكىلى سىزىكەنسىز، خىزمەت كۆرسەتتىڭىز!- دېدى.

شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ئالمۇتا ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ دەرھال قايتتىم. قۇمۇلدا نۇرغۇن كىشىلەر كېلىپ كۆرۈشتى. بەزىلىرى باللىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشۇمنى ئىلتىماس قىلىشتى. مەن ئۇلارغا:- خاتىرجەم بولۇڭلار، زۇڭ سىلىڭدىن مۇ شىجاڭغا مەكتۇپ ئېلىپ كەلدىم، - دېدىم. ئۇچىنچى كۈنى بىر تەرجىمانىنى ئېلىپ ئەسكىرى ئىدارىگە بېرىپ مۇ شىجاڭ بىلەن كۆرۈشتۈم ۋە ئەھۋاللارنى تەكرار مەلۇم قىلدىم. ئۇ: - مەن زۇڭ سىلىڭنىڭ خېتىنى كۆرۈپ باقاي، كېيىن سۆزلىشەرمىز، دېدى. مەن قايتتىم. ئىككى كۈندىن كېيىن تۇتۇۋالغانلارنى قويۇپ بەردى، مەن قۇمۇلدا چوڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدۇم. قۇمۇلدىكى ئىشلىرىمنى تۈگۈتۈپ ئەرتۈرك ناھىيىمىزگە بېرىپ ناھىيىلىك ئەزالارنىڭ يىغىنىغا قاتناشتىم ۋە پۈتۈن خىزمەتلىرىمدىن دوكلات بەردىم، تۇتۇلغان ئوقۇتقۇچىلارنى قۇتۇلدۇرغانلىقىمنى سۆزلەپ بەردىم. ھاكىم ۋە كېڭەش باشلىقلىرى ھەممىسى خوش بولۇشۇپ ماڭا رەھمەتلەر ئېيتتى.

## دۆلەتلىك قۇرۇلتايغا سايلىنىش

ئولكىلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنى بۇزۇلۇپ، ناھىيىمىزنىڭ بىر مۇنچە ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە، خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتلىك بىرىنچى قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. بۇ قۇرۇلتايغا ھەر بىر ناھىيىدىن بىردىن، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بىردىن، ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن بىردىن مىللەت ۋەكىلى ئۇچۇن ئىككىدىن نامزات ۋەكىل سايلاش ئۇقتۇرۇشى كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا شەرقى تۈركىستاندىن توققۇز نەپەر قانۇن پالاتاسى ئەزاسى سايلاپ بېرىشى كېرەك ئىدى. بۇ چاغدا مەن قۇمۇلدا ئىدىم. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 1947 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگە ئۇلگۈرۈپ ۋەكىل سايلىمىغا قاتنىشىشىم كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇپ ئادەم ئەۋەتتى. ئەرتۈرككە قايتماقچى بولۇپ تۇرغۇنۇمدا، يولۋاس بەگ ئوردىسىغا چاقىرتتى. بارسام، « ئەرتۈرككە سايلامغا بارامسىز؟» دەپ سورىدى. ئەتە ماڭىدىغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن، « ئەرتۈركتىن خانىمىمنى مىللەت ۋەكىلى سايلاپ قويسۇن » دېدى. مەن «

ماقۇل » دەپ ئۆيگە قايتتىم ــ دە، « خەلق كىمنى سايلايدۇ؟ بۇ خانىم ناھىيىمىزنىڭ ھېچقانداق ئەھۋالىنى بىلمەيدۇ، قانداق بولاركىن؟» دەپ خىيال سۈرگەچ يولغا چىقتىم. سايلام كۈنى دەل سائەت توّتتە ئەرتۇرككە يېتىپ كەلدىم، سايلام ئاياغلاشقان ئىكەن. سايلام ھەيئەتلىرىنىڭ ھەممىسى سايلام نەتىجىسىنى كۈرۈپ ئولتۇرغانىكەن. مەن مەجلىسخانىغا كىرىپلا سايلام نەتىجىسىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سوردۇم. ئۇلار مېنىڭ كېڭەشتىكى خىزمەتلىرىمنى نەزەرگە ئېلىپ مېنى ۋەكىللىككە سايلىغانلىقىنى، ئىدرىس باقىنىيازنى بىرىنچى نامزاتلىقتا، ناسىر باينى ئىككىنجى نامزاتلىقتا كۆرسەتكەنلىكىنى ئېيتىپ مېنى تەبرىكلەشتى. كۆپچىلىككە رەھمەت ئېيتتىم ۋە يولۋاس بەگنىڭ خانىمىنى سايلاپ بېرىشنى تاپىلىغانلىقىنى ئۇلارغا ئېيتتىم ۋە كەچ قالغانلىقىمنى ئەسكەرتتىپ: ـ ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ ــ دەپ سوردۇم. ئۇلار يەنە قايتىدىن سايلام قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھاكىم:« ئەتە قانۇن پالاتا ئەزاسىنى سايلايمىز، يولۋاس بەگنىڭ خانىمىنى شۇنىڭغا سايلاپ قويايلى » ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى بۇ خانىمنى قانۇن پالاتا ئەزالىقىغا ۋەكىل قىلىپ سايلاپ قويدۇق، شۇنىڭ بىلەن سايلام توگىدى. كېيىن ئۆلكىلىك سايلام ھەيئىتى تەرىپىدىن خەۋەر تېپىشىمىزچە، پۈتۈن قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە يولۋاس بەگنىڭ خانىمىنى كۆرگەن سايلام ھەيئىتى، غەربىي شىمال مۇدىرى جاڭ جىجوڭغا مەلۇم قىلغانىكەن، ئۇ مەندىن باشقا ھەممىسىنى رەت قىلىپ، ئۆزى نامزات كۆرسىتىپتۇ. قۇمۇل ناھىيىسىدىن ئىسمايىل تاھىر، باركۆلدىن تۇرغان ( قازاق )، يەتتە قۇدۇق ناھىيىسىدىن بىر خىتاينى كۆرسىتىپ بېرىپ، قۇمۇل، باركۆل، يەتتە قۇدۇقتىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىدىن كۆرسىتىلگەن يولۋاس بەگنىڭ خانىمىنى قوبۇل قىلماپتۇ.

## نەنجىڭدىكى كۈنلەر

1948 ــ يىلى 3 ــ ئايدا، 1 ــ نۆۋەتلىك 1 ــ قېتىملىق دۆلەت قۇرۇلتىيى نەنجىڭدا ئېچىلدى. پىچاندىكى سىيىت ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىسى، قارا شەھەرنىڭ ئىككى نەپەر قالماق ۋەكىلى بىلەن بىللە نەنجىڭغا كەلدى. باركۆل ۋەكىلى تۇرغان مېنىڭ ئالدىمغا چىقتى، ئۇ سىياسىي كۇرستىكى ساۋاقدىشىم ئىدى. بىز كەلگەندە

www.uyghurweb.net

قۇرۇلتاي باشلانغىلى ئىككى كۈن بولغانىكەن. تۇرغان بىزنى جە شوتاڭ دېگەن مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى قۇرۇلتايغا كەتتى. مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى ئاڭلاپ ساۋاقدىشىم ۋە مەسلەكدىشىم ئىسمايىل تاھىر بىلەن ھەمدۇللاھ تارىم ئىككىسى مېھمانخانىغا كېلىپ يوقلىدى. بىز بىر يىلدىن بېرى كۆرشەلمىگەچكە، خوشاللىقىمىزدىن ئۇزۇن مۇڭداشتۇق. ئۇلار مېنى دوڭ لەيشوڭ دېگەن ئاشخانىغا ئېلىپ باردى، بىرلىكتە تاماق يىدۇق. ئۇلار مەجلىسخانىغا بېرىپ مېنى تىزىملىتىپ قويماقچى ئىدى، مېنىڭ تىزىملىكىمنىڭ تېخى كەلمىگەنلىكىنى ئېيىتتى. ئىسمايىل ئەپەندى مېنى شەرقى تۈركىستاندىكى خىتاي ئىچكى ئىشلار نازىرى، سايلام ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ زىڭشىيەننىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىپ، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئىسىملىكىمنىڭ كەلمىگەنلىكىنى سورۇشتۇردى. ئۇ دەرھال تېلگىرام ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيىتتى. ئىسمايىل ئەپەندىمۇ قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەتتى. مەن يالغۇز مېھمانخانىدا قالدىم. كەچتە ئۇلار ئىككىسى يەنە كېلىپ مېنى مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىغا باشلاپ بېرىپ مېھمان قىلدى، ئاندىن جوڭ سەنلۇ دېگەن كوچىدىكى ئۆزلىرى كىيىم تىككۈزگەن دۇككانغان باشلاپ كەلدى، مەن بىر يۇرۇش شىم ــ كاستون بۇيرۇتتۇم. ماگزىنلارغا كىرىپ كۆزەينەك، گالاستۇك، ئاياق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالدىم، ئالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پۇلىنى ئىككى دوستۇم بەردى. كوچىلارنى ئايلىنىپ تاماشا قىلىپ قايتتۇق. مەن يۇرتتىن كىيىپ كەلگەن كىيىملىرىم بىلەن كوچىغا چىقالماي ئىككى كۈن مېھمانخانىدا ياتتىم، 3 ــ كۈنى ئۇلار مېنىڭ يىغىنغا قاتنىشىش ئىسىملىكىمنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بىز مەجلىس ئورنىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇردۇق، رەسمىيەتلەرنى تۈگەتكەندىن كېيىن كۆپ مىقداردا پۇل بەردى. بۇيرۇتقان كىيىملىرىمنى ئېلىپ، قەرىز ئالغان پۇللارنى قايتۇرۇپ، ئىككى دوستۇمنى ئاشخانىغا تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىلدىم. چۈشتىن كېيىن ئىسىم كارتىنى ئەۋەتىپ قويۇپ ئۆزەم بارمىدىم. كەچتە سەتراشخانىغا، مۇنچىغا كىردىم، بۇيرۇتقان كىيىملىرىمنى كىيىپ ئەتىسى يىغىنغا باردىم. يىغىنغا 3500 دەك ۋەكىل قاتناشقان ئىكەن. ھەيەت رىياستى رەئىسلىكىنى سايلاش ۋاقتى ئىكەن. خىتاي ۋەكىللىرى ئۆزلىرىچە بىزنى ئارقىدا قالغان مىللەت دەپ ئويلاپ، ھەيەت رەئىسلىكىگە مېنى سايلاڭلار، مېھمانخانىغا ئاپىرىپ مېھمان قىلىمەن دىگۈچىلەر

www.uyghurweb.net

بولدى. بەزلىرى تەكلىپ قىلدى، بەزلىرى تەكلىپ قىلىشقا ۋەدە بەردى. بىز ھەممىسىگە « بولىدۇ » دەپلا قويۇپ، تەكلىپلىرىگە بارمىدۇق. سەۋەبى بىزمۇ ئۆز ئالدىمىزغا İبراھىم مۇتھىنى سايلاش ئۇچۇن مەسلىھەتلىشىپ قويغانىدۇق. ئىسمايىل ئەپەندى ئىككىمىز ھەركۈنى مۇسۇلمان ئاشخانىسىغا، كىنو، قەھۋەخانىلارغا بېرىپ ئوينىدۇق. بازاردىن مال ئالدۇق، ھەمدۇللاھ ئەپەندى بەزىدە بىز بىلەن بىللە بولسا، بەزىدە باشقا دوستلىرى بىلەن بىللە بولدى. ۋەكىللەر ھەممىسى ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقىغا ھەيران قالدى. كۇچاردىن كەلگەن سوپىبەگ ھاجى بىزنى كۆپ تەقدىرلىدى، بەزى قىزغانغانلارمۇ بولدى. قۇرۇلتاي ھەيەت رىياستى رەئىسلىكى سايلانغاندىن كېيىن، پۈتۈن ۋازارەتلەرنىڭ ۋازىرلىرى دۆلەت خىزمىتىدىن دوكلات بېرىشكە باشلىدى. قۇرۇلتاي يېڭى باشلانغاندا، دەرھال جۇمھۇرىيەت تەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلەرنىڭ نامزاتلىرىنى كۆرسەتكەن ئىكەن. گومىنداڭ پارتىيىسىدىن جاڭ جىشى، باشقا پارتىيدىن يەنە بىرسى رەئىسلىككە، گومىنداڭدىن يۆ يۇرىن مۇئاۋىنلىققا كۆرستىلدى. ئۇ ـ ئاتا چىن سۇن زھوڭشەننىڭ ئىنقىلاۋى مەسلەكداشلىرىدىنمىش. قالغانلارنىڭ ھەممىسى كۇچىگە يۆلۈنۈپ نامزاتلىققا چىققانلار ئىكەن. سۇن زھوڭشەننىڭ ئوغلى سۇنكې، لى زوڭرىن، چېڭ چەن، مۇ دۇھۇي قاتارلىقلارمۇ مۇئاۋىن رەئىسلىكنى تالىشىپ قىزىق ئويۇنلارنى ئويناپ بىلەت تالاشتى. ھەركۈنى دېگۈدەك ئېسىل رىستورانلاردا تاماققا تەكلىپ قىلىشقا باشلىدى. يۆ يۇرىن شەرقى تۈركىستاندىن كەلگەن 72 ۋەكىلگە قارا يۇڭ رەختتىن بىر يۇرۇش شىم ـ كاستون تىكتۈرۈپ بەردى. لى زوڭرىن بولسا، بەيلىڭ سەنتىڭ دىگەن مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىنى ئىچىپ قويدى، قىزىل ئىسىم كارتىسى ئاسقان ۋەكىللەر پۇلسىز تاماق يىسۇن دەپ ئېلان قىلدى. ئەمما، بىز نۇمۇس قىلىپ بارمىدۇق. بۇ جەرياندا سايلام بولدى، تەبىيكى جاڭ جىشى سايلاندى. يەنە بىر نامزاتقىمۇ خېلى كۆپ بىلەت چۈشتى، چۈنكى خەلقچىللىقنى نامايان قىلىمىز دەپ گومىنداڭ تەرەپ ئۇنىڭغىمۇ يالغاندىن خېلى كۆپ بىلەت تاشلىغانىكەن. مۇئاۋىنلار سايلىمىنىڭ 1 ـ قېتىمىدا چېڭ چەن بىلەن مۇ دۇھۇي بىلەت سانى يەتمىگەنلىكى ئۇچۇن سايلامدىن قالدى. 3 ـ قېتىمدا يۆ يۇرىن قالدى. لى زوڭرىن بىلەن سۇنكېنىڭ بىلىتى ئوخشاش چىقىپ قېلىپ يەنە سايلىنالمىدى، ھەر ئىككىسى سايلامدىن ۋازكېچىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ھەيەت رىياستى يالۋۇرۇپ ئۇلارغا بىر

كۆن مۇددەت بىلەن ھەرىكەت ۋاقتى ئاجرىتىپ بەردى. ئەتىسى لى زوڭرىن سايلاندى. كېيىن پۈتۈن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى 12 گۇرۇپپا بولۇپ قۇرۇلتايدىكى تەكلىپ ــ پىكىرلەرنى مۇزاكىرە قىلدۇق. بىز چىگرا ئىشلىرى گۇرۇپپىسىغا ئايرىلدۇق. بۇنىڭغا مەركەزدىن بەي زوڭشى، موڭغول، تىبەت، يۈننەن، چىڭخەي، نىڭشا ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 300 كىشى قاتناشتۇق. بىزنىڭ قۇرۇلتايغا سۇنغان تەكلىۋىمىز پەقەت بىرلا ــ دېھقان بانكىسى قۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. لۇ جالوڭ دېگەن بىر چىگرا ئىشلىرى پرافېسسورى:« شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ئۇ يەرگە كۆچمەن يەرلەشتۇرسەك » دېگەن تەكلىپنى بەرگەندى، ھاجى ياقۇپ، İبراھىم مۇتىئى ۋە خىتايچە بىلىدىغانلار دەرھال قارشى پىكىرلەرنى بەردى. بىز ھەممە موڭغول، تىبەت، تۇڭگانلار گۇلدۇرقاراس چۇاڭ چېلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ پىكرىنى بەيزوڭشى تەرىپىدىن دەرھال رەت قىلدۇردۇق ۋە غەلبە قىلىپ ئالقىش ياڭراتتۇق. ئاخىرقى كۈنى ئومۇمىي يىغىن ئېچىلىپ، 25 كۈندىن كېيىن قۇرۇلتاي ئاخىرلاشتى. يېپىلىش مۇراسىمىغا جاڭ جېشى، چەتەل باش ئەلچىلىرى ۋە بارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار قاتناشتى. جاڭ جېشى يېپىلىش نۇتقى سۆزلىدى. شۇنداق قىلىپ قۇرۇلتاي تۈگەپ قايتماقچى بولۇپ تۇرغىنىمىزدا، جاڭ جېشى جۇمھۇر رەئىسى سالاھىيىتى بىلەن بىزنى قوبۇل قىلدى ھەممە « قۇرۇلتاي داۋامىدا كۆپ چارچىدىڭلار، قايتىپ بارغاندىن كېيىن، تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىڭلار، مەركەزگە يېقىندىن ئەگىشىپ، مەسىلىلەرنى يېقىندىن مەلۇم قىلىپ تۇرۇڭلار » دېگەندەك سۆزلەرنى قىلدى. ئۇ، بۇ يەرگە كېلىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، ئىچكىرىدىكى باشقا شەھەرلەرنى ساياھەت قىلىڭلار، تەيۋەنمۇ بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭلار دەپ كاتىۋىغا تاپىلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. شۇنداق قىلىپ شاڭخەيدىن باشلاپ خاڭجۇ، تىيەنجىن، بېيجىڭ، تەيۋەندىكى تەينەن، تەيجۇ، تەيبى قاتارلىق شەھەرلەرنى ئارىلاپ، ئويناپ بىر ئايدىن ئارتۇق ساياھەت قىلدۇق. مەركەزدىن بىزگە بىر كىشىنى قوشۇپ بەردى، دەسلەپ نەنجىڭدىن شاڭخەيگە پويىز بىلەن باردۇق. بۇ بىرىنچى قېتىم پويىزغا ئولتۇرىشىمىز ئىدى. شاڭخەي سەككىز مىليون نوپۇسلۇق چوڭ شەھەر ئىكەن، قۇرۇلۇش ــ بىنالىرى ئاز دېگەندە 10 قەۋەت، بەزىلىرى 40 نەچچە قەۋەت بولۇپ، ئېگىز تاغلاردەك ھەيۋەتلىك كۆرىنىدىكەن. كوچىلاردىكى كىچىك

ماشىنىلار مىغ ـ مىغ بولۇپ، ئادەمنىڭ ئېلىشتۇرغۇدەك دەرىجىدە كۆپ ئىكەن. تاكسى بىلەن نەچچە سائەت يۈرسىمۇ كوچىلىرى تۈگىمەيدىكەن، پىيادە يۈرمەك ناھايىتى قىيىن ئىكەن. نەنجىڭدە رىكشىچى ھارۋىلار ئىككى چاقلىق بولۇپ بىر كىشى ئولتۇرىدىكەن، بىر كىشى ئىككى شوتىنى سۆرەپ ماڭىدىكەن. دۆڭ ياكى ئېگىز رەك كۆرۈكلەرنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر نەچچ كىشى تۇرىدىكەن، ئۇلار رىكشىنى ئىتتىرىپ ئارقىسىدىن ئىتتىرىپ دۆڭدىن چىقىرىپ قويۇپ ئىش ھەققىنى ئالىدىكەن. شاڭخەي خەلقىنىڭ بايلىرى ناھايىتى ھەشەمەتلىك بولسا، كەمبەغەللىرى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ھالدا ياشايدىكەن. ئۇلار ئىلاجسىزلىقتىن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازى ئىكەن. شاڭخەيدىن يەنە پويىز بىلەن خاڭجۇغا باردۇق. جېجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن بىزنى كۈتىۋالدى، مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر مۇسۇلمان ئاشخانىسىنى كۆرسىتىپ قويدى، ئۈچ كۈن بويىنچە پۇلسىز ئەمما بىر خىل تاماق يىدۇق. خاڭجۇدا شىخۇ دېگەن بىر كۆل بار ئىكەن. قېيىق بىلەن ئايلىنىپ ئوينىدۇق. كۆلنىڭ ئەتراپى باغچا بولۇپ، ئاخشاملىرى ئادەمگە لىق تولىدىكەن. ھەر خىل تاماشالار بولىدىكەن. بىر تەرىپىدە ئېگىز تاغ بولۇپ گۈزەل مەنزىرلىرى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىكەن. بىز تاغقا چىقتۇق، ئۇ يەردە تاغقا كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ قويىدىغان كىراچىلار بار ئىكەن، مەپىسىگە ئولتۇرۇپ كۆرۈپ باقتۇق. تاغنىڭ ئۈستىدە بۇتخانا، بۇت ۋە ئۆسۈملۈك يېغىدا تاماق قىلىدىغان ئاشخانا بار ئىكەن. ئۇ يەردە چۈشلۈك تاماق يىدۇق. ساياھىتىمىز تۈگىگەندىن كېيىن يەنە شاڭخەيگە قايتتۇق. ئەتىسى پاراخوت بىلەن تەيۋەنگە قاراپ يولغا چىقتۇق. پاراخوتنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشىمىز ۋە ئولتۇرىشىمىز ئىدى. چاڭجىياڭ دەرياسىدىن پاراخوتقا چىقىپ ئىككى سائەتتىن ك ئېيىن دېڭىزغا ئۇلاشتۇق، دېڭىزدا دولقۇن ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن، پاراخوت لەيلەپ كېتىپ، بېشىمىز قېيىپ كەتتى. يېتىۋالساقمۇ ئىمكان بولماي ياندۇردۇق. بىر كېچە ـ كۈندۈزدىن كېيىن تەيۋەننىڭ تەيبېي شەھرىگە كەلدۇق، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن بىزنى كۈتىۋېلىپ بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. تەيۋەنلىكلەر ئۆيلىرىدە تاختاي ئۈستىگە تاتامى دېگەن ئوتتىن توقۇلغان قېلىن پالازنى سېلىپ قويىدىكەن، شۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدىكەن، ئىشىكتىن كىرگەندە ئاياقنى سېلىپ كېيىش كېيىدىكەن، ئۆيدە كىچىك بىر كىشىلىك كۆرپە سېلىپ بېرىدىكەن، كىچىك ئۈستەلدە چاي

بېرىدىكەن، ياتقاندا چوڭ يوتقان ـ كۆرپە سېلىپ بېرىدىكەن، ئەتىسى ئۇنى يىغىپ قويۇپ ياتاقنى تاقاپ قويىدىكەن. خىزمەتچىلىرىنى « ئۇباساڭ »، قىزلىرىنى « ئوچۇسەن » دەپ چاقىرىدىكەن. تېلېفۇندا سۆزلەشمەكچى بولسا، ماشى ـ ماشى دەپ چاقىرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆي تۇتۇشلىرى ۋە ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرى ياپونلۇقلارغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. تەبىيدىن تەيجۇغا باردۇق. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئايدىن كۆل دېگەن تاغنىڭ ئۈستىدىكى كۆلگە ساياھەتكە چىقتۇق. كۆل بويىدا ئالىي دەرىجىلىك بىر مېھمانخانا بار ئىكەن، بىز شۇ يەرگە چۈشتۇق. كۆلنىڭ تۆت ئەتراپى قەۋەت ـ قەۋەت تاغلار بولۇپ، كۆل سۈيى ئاشۇ تاغلاردىن ئېقىپ چۈشۈپ تولۇپ تۇرىدىكەن. كۆلنىڭ ئاستىدىن ئېشىپ چۈشكەن سۇنىڭ كۈچى بىلەن قۇرۇلغان ئېلېكتىر ئىستانسى تەيۋەننى توك بىلەن تەمىنلەيدىكەن. كۆل بويىدىكى يەرلىك خەلق ئۆزىنىڭ مىللىي كىيىملىرىنى كىيىپ، مىللىي سازلىرىنى چېلىپ ئويۇن قويۇپ بەردى. ئەتىسى قېيىققا ئولتۇرۇپ كۆلنى ساياھەت قىلىپ قايتتۇق. كېيىن تەنيان شەھرىگە باردۇق. تەينەندە چوڭ سۇ ئامبىرى بار ئىكەن. ئۇنىڭ دامبىسى ماشىنا كۈچى بىلەن ئېچىلىپ دېھقانچىلىق يەرلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىلىدىكەن. ئېرىقلىرى سىمونتتىن ياسالغان بولۇپ تۈنجى قېتىم كۆرگەچكە تولىمۇ ھەيران قالدىم. ئۇ يەردىن تەيبېيگە كېلىپ ئايروپىلان بىلەن شاڭخەيگە قايتتۇق. شاڭخەيدىن بىر مۇنچە كىشى قايتىپ كەتتى. بىز 30 ـ 40 كىشى بۇرھان ئەپەندىنىڭ باشچىلىقىدا بېيجىڭغا كەلدۇق. بىزنى بېيجىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىن قارشى ئالدى. بېيجىڭ فان دىيان دېگەن ئالىي دەرىجىلىك ئاق مەر ـ مەر مېھمانخانىغا چۈشۈپ 12 كۈن تۇردۇق. كېلىپ ئەتىسى خان ئوردىسىنى زىيارەت قىلدۇق، خان ئوردىسىدا ھەشەمەتلىك جىھازلار، چەتەللەردىن سوغات قىلىنغان بويۇملار، ئالتۇن سائەتلەر، خاننىڭ چوڭ ـ كىچىك ئاغچىلىرىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ھوجرىلىرى، ئەشيالىرى بىلەن ئۆز پېتى ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. خاننىڭ خاندانلىق ئوردىسى ۋە تەختىراۋانى شۇ پېتىچە ئورنىدا تۇرۇپتۇ، تامدىكى قولدا ياسالغان قەدىمى ياغاچ سائەتمۇ تامدا ئېسقلىق تۇرۇپتۇ. ئوردۇلار شۇ قەدەر كەڭ ۋە چوڭ ئىكەنكى، ئىككى كۈندە ئاران ئايلىنىپ بولدۇق. خان ئوردىسىنىڭ ئالدىدا خەلققە توپا ۋە تاش توشۇتۇپ ياساتقان ئالتۇن ۋە كۆمۈش دېگەن ئىككى تاغ بار ئىكەن. ئارقىسىدىكى ئالتۇن تاغنىڭ ئۈستىدە ئېپارخاننىڭ ھەيكىلى بار ئىكەن، ھەيكەلنى ئاق مەر ـ مەردىن ئالاھىدە ياساتقان

www.uyghurweb.net

ئىكەن. ئۇ يەرنى زىيارەت قىلىپ خاتىرە رەسىمگە چۈشتۇق. بىر كۈنى قۇمۇل ئىنقىلابىغا خوجانىياز ھاجى بىلەن بىللە رەھبەرلىك قىلىپ، قاتىل شىڭ شىسەينىڭ دامىغا چۈشمەي، خىتاي، روس ۋە تۇڭگانلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالماي يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئافغانىستان، ئارقىلىق تۈركىيە، ياۋروپاغا بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلىپ يۈرگەندە ئىككىنجى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ، ياپونلار بىلەن بىللە بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ ۋاپات بولغان مىللىي ئىنقىلاپ رەھبىرى ــ غازى ماھمۇت مۇھىدىنىڭ تۈپرىقىنى زىيارەت قىلىپ قۇران ئوقۇپ دۇئا قىلدۇق. كېيىن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلدۇق، مۇدىرى ئالتە خىل پەندىن پرافېسسورلۇقنى قازانغان ئالىي مەلۇماتلىق خۇشى دېگەن دوكتۇر ئىكەن. ئۇ بىزگە مەكتەپ زالىدا چاي بەردى ۋە :« مەن تۈركىستان ياشلىرىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ياشلىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، قايتىپ بارغاندا ماڭا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ئەۋەتىپ بېرىڭلار » دېدى. ھاجى ياقۇپ:« مەكتىۋىڭلارنىڭ ئىڭگىلىزچە بىلىش شەرتى بار، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە مائارىپ تەرەققىي قىلمىغان، شىڭ شىسەي زامانىدا قىزىل مائارىپ يولغا قويۇلغان بولۇپ، چەتئەل تىلى ئۆگىنىش چەكلەنگەن. شۇڭا بۇ شەرت بولمىسا ئەۋەتەلەيمىز » دېدى. ئۇ :« مەن بۇ شەرتنى بىكار قىلىمەن دەپ ئېيتالمايمەن، ئەمما، بىر ئىلاجىنى قىلىمىز » دەپ ۋەدە بەردى. بىز ئەتىسى بازار ئارلاپ، شۇ كۈنى پويىزدا تيانجىنگە كېلىپ ئۇ يەردە بىر كۈن ئايلىنىپ، كەچتە پاراخوت بىلەن شاڭخەيگە قايتىپ، ئاندىن پۈتۈن ساياھىتىمىزنى تۈگۈتۈپ نەنجىڭغا قايتىپ كەلدۇق. نەنجىڭدا ئايروپىلان يوق بىر ئاي تۇرۇپ قالدۇق. كېيىن بۇرھان ئەپەندى جاڭ جېشىگە خەۋەر قىلغان ئىكەن، ئۇ بىزگە مەخسۇس بىر ئايروپىلان ئاجرىتىپ بەردى. قۇرۇلتايدىن ئايروپىلان بېلەتى ئېلىش ئۈچۈن ئاجرىتىپ بەرگەن پۇللار يانچۇقىمىزدا قالدى. دېمەك، قۇرۇلتاي سەۋەبى بىلەن پۈتۈن خىتاينىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرىنى كۆرۈپ، ئويناپ ــ چۈگىلەپ يۇرتىمىزغا قايتتۇق.

## ئىككىنجى قېتىملىق ئۆيلىنىش

ئەسلىدىكى خانىمىم مەننۇرىخان ۋاپات بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن ئون ياشلىق بىر ئوغلۇم قالغانىدى. بىر ياقلارغا كەتسەم ئۇنى ئاتا ــ ئانامغا تاشلاپ قويۇپ

كېتەتتىم. ئەنجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆيلەنمەكچى بولدۇم. ئۇ يەردە ئىسمايىل لىيەنجاڭ، ئىنجە نىيازبېك دېگەن دوستلىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشتىم. ئۇلار كۆرسەتكەن قىز ماڭا يارىمىدى. دىنىي مەكتەپ خاتىبىنىڭ سىڭلىسى بىلەن بىللە ئوقۇغان ئالتۇن ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى. شۇنىڭغا ئەلچى كىرگۈزدۇم، ئۇ قىزنى بېيجىڭدىن چىققان بېيجىڭ غوجام دېگەن بىر تۆڭگاننىڭ ئوغلىغا بەرمەكچى ئىكەن، ئۇلار ئوتتۇردا مېڭىپ يۈرۈپ ئۇنى بۇزدى ۋە ئىراده ــ تەقدىر ماڭا بۇيرىغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ قىزغا ئۆيلەنمەكچى بولدۇم، دەرھال يۇرتۇمغا چىقىپ ئاتا ــ ئانام ۋە يۇرتتىكى ئۇرۇق ــ تۇققانلىرىمنى چاقىرىپ چۈشۈپ، 1948 ــ يىلى 12 ــ ئاينىڭ 21 ــ كۈنى قېينى ئاتامنىڭ ئۆيىدە نىكاھ ئوقۇتۇپ توي قىلدىم. قۇمۇلدىكى نامى بار كىشىلەردىن 200 دىن ئارتۇق مېھمان چاقىردىم. كەچتە قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭغاندا، مەھەللىنىڭ ياشلىرى بىزگە مەشرەپ بەرمىسە بولمايدۇ دەپ مەپىنى توسىغانىكەن، ھەسەن بالا ھاجىنىڭ كىچىك ئوغلى ئىمىن ھاجى، ئىلى ئاخۇنباينىڭ 2 ــ ئوغلى ئىسمايىل ئاخۇنلار پۇل، بىر قوي ۋە مەشرەپنىڭ چىقىملىرىنى بېرىپ قىزنى كۆچۈرۈپ كەلدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە ئۆزىمىز 200 دەك مېھمان چاقىرىپ ئۆزىمىز زىياپەت بەردۇق. كېيىن يولۋاس بەگ، مۇ شىجاڭ قاتارلىق ئىدارە باشلىقلىرىغا بىر كۈن زىياپەت بەردۇق. شۇنداق قىلىپ ئىككىنچى قېتىم ئۆي ــ ئوچاقلىق بولۇپ قالدىم.

## ئەرتۇرك ھاكىملىقىغا سايلىنىش

يولۋاس بەگ قۇمۇل ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ يىراق تۇققىنى ئەخمەت ئىمىنوپنى ئەرتۇرك ناھىيىمىزنىڭ ساقچى باشلىقىغا تەيىنلەپ، ئەسلىدىكى ساقچى باشلىقى لى شۇشەن دېگەن خىتاينى مۇئاۋىن ساقچى باشلىقى قىلىپ بىر دەرىجە چۈشۈرگەندىن كېيىن، ۋالىيلىق سايلىمى بولۇپ يولۋاس بەگ قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى بولۇپ سايلاندى. ئۇ پۈتۈن قۇمۇلنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بوي سۇندۇرۇش مەقسىدىدە، ئەسلىدىكى قۇمۇل ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان ئىككىنچى ئوغلى ياقۇپ بەگنى قۇمۇلغا ھاكىم قىلىپ سايلاتقۇزدى. باركۆلدە تەن شەنجاڭ ھەربي ئادەم بولغاچقا ئۇنىڭغا ئامال

www.uyghurweb.net

قىلالماي، ئەرتۇرك ناھىيىسىدىكى تۇققىنى ئەخمەت ئىمىنوپنى ھاكىم قىلىش ئۈچۈن، ئابدۇل ھاكىمنىڭ ئۈستىدىن ھەر خىل بەدناملارنى توقۇپ دوكلاتلارنى تەييارلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ھاكىم بۇ ھاقارەت ۋە روھى بېسىمغا چىدىماي ئىستىپا بەردى، ۋالى مەھكىمىسى ئىستىپانى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بىلدۇرۇپ قوبۇل قىلدۇرغاندىن كېيىن، ناھىيىمىزدە ئىككىنجى قېتىم ھاكىم سايلىمى ئۆتكۈزۈلمەكچى بولدى، ئۆلكىدىن سايلامغا يولۋاس بەگنىڭ نازارەت قىلىشى ئۇقتۇرۇلغانىكەن. بۇ چاغدا مەن قۇمۇلدا ئىدىم. ۋالى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ مەھكىمىگە باردىم. يولۋاس بەگ ماڭا « ئەتە سائەت 8:00 دە يولغا چىقىمىز، سايلامغا مەن نازارەت قىلىمەن، بىللە كېتىمىز » دېدى. ئەتىسى جىپ ماشىنا بىلەن يولغا چىقتۇق، ئەرتۇرككە ئاز قالغاندا كەچ كىرىپ قالغاچقا يول ئۈستىدە بىر قازاق مالچىنىڭ ئۆيىدە قوندۇق. ئۇ قوي سويۇپ قازانغا سېلىپ قويدى. بۇ چاغا ئەخمەت ئىمىنوپ قازاقلاردىن ئات ئالۋان ئېلىپ ئالدىنالا بېرىپ تۇرساق، دېدى. يولۋاس بەگ مېنىمۇ بىللە ماڭسۇن، دېدى. مەن، بارمايمەن، دېسەم ئۇنىمىدى. مەن، ھاكىم بولۇش نىيىتىم يوق، بارمايمەن، دېسەممۇ ئۇنىماي زورلاپ ماڭغۇزدى. گۆش پىشقاندىن كېيىن يەپ يولغا چىقتۇق. كېچىچە ئاتلىق يۈرۈپ ناماز بامدات بىلەن يېتىپ كەلدۇق. مەن ئۆيدە ئۇخلاپ سائەت 12 لەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ساقچى ئىدارىسىگە باردىم. ئابدۇللاھ ھاكىم، ناسىر يىجاڭ باشلىق يۇرت چوڭلىرى ۋالى بىلەن كۆرۈشىش ئۈچۈن كەلگەن ئىكەن. مەمۇ كىرىپ سالام بەردىم، ۋالى:« قانداق؟ئىشلار ياخشىمۇ؟ » دەپ سورىدى. مەن:« سەھەردە كېلىپ ئۇخلاپ ئەمدى تۇردۇم » دېدىم. « بۈگۈن ئەتە سايلىنىدىغانلار ھەرىكەت قىلسۇن، 3- كۈنى سايلام قىلايلى » دەپ ئۇقتۇردى يولۋاس بەگ. يۇرتىمىز خەلقى گەرچە مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغان بولسىمۇ، ئەمما بىرلىك روھى ئىنتايىن مەھكەم، يۇرت كاتتىلىرى مەسلىھەت بىر ئىش قىلسا، پۈتۈن خەلق قەتىي ئىتائەت قىلىدۇ، ئۇلار مېنىڭ تۆھپىلىرىمنى تەرىپلەپ ھاكىملىققا سايلىماقچى بولۇپ بىرلىككە كەلگەنىكەن. 1949 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سايلام بولدى. سايلامدا كېڭەش باشلىقى ناسىر، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى مەن قاتارلىق 16 كېڭەش ئەزاسىنىڭ بىلەت تاشلىشى بىلەن سايلام بولدى. ماڭا 15 بىلەت، ناسىرغا بىر بىلەت چۈشتى. يولۋاس بەگنىڭ ئارلىشىشى بىلەن سايلانماقچى بولغان ئەخمەت ئىمىنوپ رەسۋا بولدى. مەن

ھاكىم بولۇپ سايلاندىم، ئەمدى مېنىڭ پېيىمغا چۈشۈپ قۇمۇلدىكى ئابدۇلۋاھىد توكۇر دېگەن يالاقچىسى ھەم جاسۇسىنى ئادلىن كەلتۈرگەن ئىكەن. يولۋاس بەگ مېنى چاقىرتىپ، ۋاھىد توكۇرنى مۇئاۋىن ھاكىم قىلىۋالسۇنلەر، دېدى. مەن، ـ ئويلۇنۇپ باقاي، ـ دېسەم، ئۇ، ـ ئويلۇنۇپ ئاخشاملىقتا جاۋاپ بەرسىلە، ـ دېدى. مەن ئابدۇللاھ ھاكىم ۋە ناسىر يىجاڭلار بىلەن مەسلىھەتلەشسەم، ئۇلار:« سەن خىتايچە بىلمەيسەن، خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىنى قىلالمايسەنمۇئاۋىن ھاكىملىقتا ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىنى لى شۈسەننى تاللىغىن » دېدى. يولۋاس بەگكە بۇ پىكىرىمنى يەتكۈزدۈم، ئۇ قوشۇلدى، ۋاھىد توكۇرنى ساقچى ئىدارىسىغا مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ تاشلاپ كەتتى. ناھىيىمىزنىڭ نارىنكىر، توركۆل، ئەرتۈرك كەنتلىرىدىكى خەلق چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا، بۇ يەردە ئوغرى ـ يالغان كۆپىيىپ قالغانىدى. مەن ھاكىم بولۇپ كۆپ ئۆتمەي بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قازاق باشلىقلىرىنىڭ يېنىغا بارماقچى بولدۇم. چۈنكى مال ئوغرىغا بەرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر باللار، ئوغرىلىغانلار قازاق قېرىنداشلار ئىدى. مەن ساقچى باشلىقى ئەخمەتنى ئادەملىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتىم. بىر تاغار ئۇن ئېلىۋالدۇق، ئەرتۈرك تېغىنىڭ يايلاۋسىدىكى ئوغرىلارنىڭ ئەڭ چوڭ باشلىقى جانابىلنىڭ يېنىغا باردۇق، بىر كېچە قونۇپ ئوغرىلىقنى توختۇتۇش ھەققىدە كۆپ سۆزلەشتۇق. ئەتىسى باشقا بىر يەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر توپلانغان جايغا بېرىپ جانابىل بىلەن بىللە ناسىھەتلەر قىلىپ قايتتۇق. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن بىر كىشى بىلەن بىللە نارىنكىرغا بېرىپ كەچتە ئۆز ئۆيۈمگە بېرىپ، ئەتىسى يۇرت ئاقساقاللىرىدىن ئىككى كىشىنى ئېلىپ ھۆ تەرەپتىكى قازاقلارنىڭ باشلىقلىرىدىن ھۇسىيۇن تەيجى، مۇقادىل، سالاقىستانلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئوغرىلارنى توختۇتۇش ھەققىدە سۆزلىشىپ قايتتىم.

20 كۈندىن كېيىن يولۋاس بەگدىن تېلېگرام كەلدى، 1949 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاقتاشتىكى زەرىپخاننىڭ ئۆيىگە كېلىشىمنى تاپىلاپتۇ. شۇ كۈنىگە ئۈلگۈرۈپ ئابدۇللاھ، ناسىر، ئەخمەتلەر كەلدۇق. بارىكۆلدىن سۇلتان تەيجى، ئالتۇنبېكلەر كەپتۇ، خىتاي ھاكىم يوق. ھەممىمىز يىغىلىشىپ ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن سۆزلىشىپ ئولتۇرساق، يولۋاس بەگ ماڭا قاراپ:« ھاكىم نارىنكىردىكى ئۆيۈڭنى كۆرگىلى بېرىپ ئات مىنىپ، ئادەم ئەگەشتۈرۈپ، ئالۋان سېلىپ خەلققە

www.uyghurweb.net

زورلۇق سىلىقلاتدۇ دەپ ئاڭلايمەنغۇ » دېدى. مەندىن ئىلگىرى زەرىف ھويجاڭ:« بۇ نىمە دېگەنلىك؟ بۇندىن بۇرۇن ئابدۇللاھ ھاكىمنى يامان دېدى، ئەمدى ئىشقا ئولتۇرسا نىمە دېمەكچى؟ بۇ يەرگە زادى قانداق شەنجاڭ بولىدۇ؟» دېدى. يولۋاس بەگ:« ياق، ياق، ئادەم دۈشمىنى ئادەم » دېدى. مەن ئارقىدىنلا نارىنكىرگە ۋە ئەرتۈرككە ئوغرىلارنى توختۇتۇش ئۈچۈن بارغانلىقىمنى، جانابىلغا بىر تاغار ئۇن ھەدىيە قىلىپ، ئوغرىلارنى توختۇتۇش ھەققىدە مەسلىھەتلەشكەنلىكىمنى، باشقا يەرلەردىمۇ شۇنداق قىلغانلىقىمنى، شۇ جەرياندا ئۆيۈمدە بىر كىچە قونغانلىقىمنى ئېيتتىم ۋە:« ئەرتۈركنىڭ ھاكىملىقىنى مەندەك ئوقۇمىغان، تەجرىبىسىز ئادەم قىلالمايدىكەنمەن، ئوخشىمىغان ئىككى خىل كەسىپتىكى بۇ خەلقلەرنىڭ ھەرخىل قىيىنچىلىقلىرى بار، ئابدۇللاھ ناسىرلارنىڭ ھاكىملىقتىن چەتكە قېچىشى ھەقىقەتەن خەلقنىڭ بىشىدىكى مۇشەققەتلەرنى ھەل قىلىشقا كۆزى يەتمىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. بۇ ئىمكانسىزلىقلاردىن مەمنۇ قورقىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەھۋالدىن قارىغاندا پىتنە ـ پاساتلارمۇ كۆپ ئوخشايدۇ، مەن قايتىپ بېرىپ ئىستىپا بەرسەم، بىلىمى بار، تەجرىبىلىك بىرىنى باشقىدىن سايلايلى » دېدىم. ئۇ:« ياق، ياق، ئۇنداق قىلماي ئىشلەپ تۇرسىلا بولىدۇ » دېدى. ئەسلىدە بىزنى ئاقتاشقا تويلاشتىكى مەقسىدى، مېنى روھى بېسىم بىلەن ئىستىپاغا مەجبۇرلاش ئىدى. ئەمما، مېنىڭ سۆزۈمدىن خىجىل بولۇپ بۇ ئويىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى.

## كوممۇنىست ئەسكەرلىرىنىڭ ئەرتۈرككە كېلىشى

شەرقى تۈركىستاندىكى گومىنداڭ چىن ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى بىلەن باش قوماندان تاۋسىيۇ 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كوممۇنىستلارغا تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، بۇ كۈننى « تېنىچلىق كۈنى » دەپ ئېلان قىلدى، ماۋزېدوڭغا تەسلىم بولغانلىق تېلىگىراممىسى يوللىدى ۋە يۇرتقا جاكارلىدى، كوممۇنىست قوشۇنلىرىنى شەرقى تۈركىستانغا تەكلىپ قىلىپ، قۇمۇلغىچە قارشى ئېلىش ئۈچۈن ۋەكىللەر ئەۋەتتى. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ۋاڭ جىن باشچىلىقىدىكى كوممۇنىست قوشۇنلىرى قۇمۇلغا يېتىپ

www.uyghurweb.net

كەلدى. ئۇلار كېلىپلا بىر تەرەپتىن خەلققە تەشۋىق قىلسا، بىر تەرەپتىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرۇمچىگە ماڭغىلى تۇردى. ئۈچ ئايغىچە ناھىيىمىزگە ئاياق باسمىدى، قاراپمۇ قويمىدى. ئەمما، قۇمۇلدا كۇندۇزلىرى ئاشكارە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، كېچىلىرى كەمبەغەل، پېقىر، ئىشچىلارنى يىغىۋېلىپ گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ مەجلىس ئېچىپ، ئەمەلدارلاردىن ھېساپ ئالىمىز، بايلارنىڭ پۇلىنى ئېلىپ، ئەزگۈچىلەرنى يوقۇتىمىز، دەپ ئالداپ بىئارام قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرى قانداق بولاركىن دېگەن خەۋەرلەر كېلىپ تۇردى. كوممۇنىستلارنىڭ بۇخىل ھەرىكەتلىرىنى قانۇنى سىياسەت يۈرگۈزگەن ھۆكۈمەتنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس، ئوغرى ـ بۇلاڭچىلارنىڭ ئىشى، دەپ ئويلىدىم. نېمە بولسا بولسۇن، كوممۇنىست بار يەردە مەن تۇرمايمەن، بۇ غايەم بىلەن ئۆلۈمدىن قورقماي، ھەم قاراپ ياتماي ئۇلارغا قارشى سوقۇشۇش خىيالىدا بولدۇم. ئەمما، كۈچ ـ قۇۋۋىتىم يوق، پەقەت ئالتايدىكى ئوسمان باتۇر بەيتىنىڭ تېغى ئەتراپىدا سوقۇشماقچى بولىۋاتىدۇ، ياخشىسى ئۇلارغا قوشۇلۇپ بىللە سوقۇشۇپ شېھىت بولۇش كېرەك. بۇ پىكىرگە ئابدۇللاھ ناسىر ئۈچىمىز ناسىرنىڭ ئۆيىدە باش ئوشۇپ كەلگەنىدۇق. كېيىن مۇئاۋىن ساقچى باشلىقى مامۇتنىڭ ئۆيىدە خەلق ئەترىتى باشلىقى چايان ھافىز ۋە بەردى ئاخۇنلار بىلەن بىللە باش قوشتۇق. مەن:« مەن سىزلەر بىلەن خوشلاشماقچى بولۇپ كەلدىم، چۈنكى يۇرتىمىزنى دىن، مىللەت دۈشمەنلىرى قاپلىۋالدى، كوممۇنىستلارنىڭ مەقسىدى دىنى ئېتىقادنى يوقۇتۇپ دىنسىز قىلىش، خۇسۇسىي مۈلۈكنى يوق قىلىپ، خەلقنى قىلىش ھەمدە ئەر ـ خوتۇنلۇق ئائىلە تۈزۈمىنى يوق قۇتۇپ ھايۋان ھالىغا كەلتۈرۈش. بۇنى ھەممىمىز بىلىمىز، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىمكانىمىز يوق، شۇڭا ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن مەن كېتىمەن، سىلەر بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم. كېيىن كۆرۈشمەيلى، باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن، ئاللاھقا ئامانەت، ئاخىرەتتە كۆرىشەيلى » دېدىم ۋە كۆز يېشى قىلىپ خوشلاشتۇق. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ھاپىز چايان كەلدى ۋە مەنمۇ بىللە كېتىمەن، دېدى. ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ، 1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سائەت 10 دا بۇلاق قېشى مەھەللىسىدىكى ھاپىزنىڭ ئۆيىگە جەم بولۇپ، ئاندىن يولغا چىقماقچى بولدۇق. ھەممىمىز ئۇزاق ۋاقىتنى كۆزلەپ كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئات ـ ئۇلاق، كىيىم

ـ كىچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى تەييارلاشقا باشلىدۇق. نەق شۇ كۈنلەردە كوممۇنىستلار بۇ تەرەپكە ئوغۇرلۇقچە باستۇرۇپ كەلدى.

1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كېچىدە كوممۇنىست ئەسكەرلەر خەن مۇدىر، لى مۇئاۋىن مۇدىر دېگەنلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەسكىرى خىزمەت قىلىش ئەترىتى دېگەن نامدا 300 دەك ئەسكەر بىلەن يۇرتىمىزغا بېسىپ كەلدى. بۇ يەردە گومىنداڭنىڭ 700 دەك ئەسكىرى بار ئىدى. ئۇلار بىرىم كېچىدە ئۇدۇل ئىدارىمىزگە كەلدى، ئۇلارنى دەرھال سىياسىي كېڭەش ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇردۇق، تون يەتكۈزۈپ بەردۇق. ئاندىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ گازارمىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ شۇ يەرگە جايلاشتى. بىز قاچماقچى بولغانلار 10 كىشىگە يەتتۇق. بىر تەرەپتىن جىددىي تەييارلىقىمىزنى قىلىشقا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارغا خىزمەت قىلدۇق.

## 9 ـ باپ تۈركىيىدە ئولتۇراقلىشىش

### تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس

1975 ـ 1976 ـ يىللىرى مېڭەمگە باشقا بىر ھېسسىيات تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. مەن تەيۋەنگە كېلىپ يالغۇز قوساق باققاندىن باشقا ئۆزەمنىڭ ئىستىقبالىم ياكى مىللىتىم ئۈچۈن ھېچبىر ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن، كۈنلەر ـ كۈنلەرگە ئەگىشىپ ئۆمۈرۈممۇ ئۆتۈپ كېتىۋەردى، ئۆيلىنەي دېسەم بىر مۇسۇلمان قىزى تاپالمىدىم، كېيىن قېرىغاندا ھالىم نېمە بولاركىن، دەپ غەمگە پاتتىم. شۇ كۈنلەردە تۈركىيەدىكى قەدىناس دوستۇم ھەمدۇللاھ تارىمغا مەكتۇپ يازدىم. دەردىمنى ئاڭلىتىپ، ساۋاپلىق يولىدا بىر ـ ئىككى يېتىم بالا بولسىمۇ بېقىپ قويسام قانداق بولار، دەپ مەسلىھەت سوردۇم. ئۇ ماڭا، ئەرەبىستان، تۈركىيەدىكى يۇرتداشلار ئارىسىدا يېتىم بالىلار يوقلىقىنى، تۈركىيەنىڭ كوممۇنىستلار بىلەن دىپلوماتىك ئالاقە باغلىغانلىقىنى، ھازىر يۇرتتا تۇققىنى بارلار ئالاقە قىلىشىۋاتقانلىقى ھەققىدە يېزىپ، مېنىڭمۇ تائۇققانلىرىم بار ـ يوقلىقىنى سوراپتۇ. دەرھال مەكتۇپ يېزىپ سىلىۋەتتىم، ئۈچ ئايدىن كېيىن جاۋاپ كەلدى.

www.uyghurweb.net

دادام بىلەن ئۆكامىنىڭ ئايالى ۋاپات بوپتۇ. ئانام، بىر ئوغۇل، تۆت قىز قېرىندىشىم ۋە ئوغلۇم هايات ئىكەن. يەنە مەكتۇپ يازدىم. ئوغلۇمنى تۈركىيەگە كېلەلەمسىز؟ دەپ يازسام، ئۆزلىرى بىلسىلە، دەپ جاۋاپ يېزىپتۇ. ئۇلارنى ئېلىپ چىقىش مەقسىتىدە تەيۋەن هۆكۈمىتىگە ئىلتىجا قىلدىم:

(1) ئوغلۇمنى قىزىل چىن ئاپىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۈركىيەگە بېرىشقا رۇخسەت بېرىلسۇ.

(2) 25 يىل هۆكۈمەت ئۈچۈن ئىشلىدىم، پۇلۇم يوق، يول راسخوتى ئۈچۈن 10 مىڭ دولار دەرسە.

دەپ تەلەپ قىلدىم. هۆكۈمەت تۈركىيەگە بېرىشىمغا رۇخسەت بەدرى. ئەمما، يول راسخوتىنى ئۆزى هەل قىلسۇن دەپتۇ.

مەرهۇم ئەدھەمدىن قالغان ئەندۈڭگەيدىكى ئۆيىنى 12 مىڭ دوللارغا سېتىپ يول راسخوتى قىلدىم. تەيۋەنگە تۈركىيە ئىشچىلار جەمئىيىتىنىڭ باش سېكرىتارى مەمەت سادىق شىدە بەي باشچىلىقىدىكى بەش كىشىلىك بىر هەيئەت كەلدى. ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ تونۇشۇپ، سىرداشىپ دوست بولدۇم. سادىق بەي ماڭا:

- نېمىشقا تۈركىيەگە ساياهەتكە بارمىدىڭىز؟ ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

- مەمنۇ شۇنداق قىلاي دەپ ئويلىغان ئىدىم. لېكىن، بىر مۇنچە قىيىنچىلىقلىرىم بار، ـ دېدىم.

ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي مەسىلە، چەتئەلگە چىقىش سەۋەبى، چاقىرىق قەغىزى، ۋىزا قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى، هازىر ئالدىنقى ئىككىسىنىڭ هەل بولغانلىقىنى؛ۋىزا ئۈچۈن تۈركىيەنىڭ توكيودىكى باش ئەلچىخانىسىغا ئىلتىماس قىلغانلىقىمنى، هازىر ئالتە ئاي بولغانلىقىنى ۋە هېچقانداق بىر خەۋەر كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا چاقىرىق قەغىزى ۋە ۋىزا ئىشلىرى پۈتتۈرۈپ ئەۋەتىپ بېرىشكە ۋەدە بەردى، مەن بەك خوش بولدۇم. ئۇ گېپىدە تۇرىدىغان ئادەم ئىكەن. بىر ئايدىن كېيىنلا چاقىرىق قەغەز ۋە ۋىزا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن 1976 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تۈركىيەگە كەلدىم. كېلىپلا ئوغلۇم هەببۇللانى بالىلىرى بىلەن تۈركىيەگە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلدىم. ئەمما، چەتئەللىكلەرنىڭ ئىشى هەل قىلىنمايدىكەن. ئىلتىماسنى ئېلىپ سادىق شىدە بەينىڭ قېشىغا باردىم. ئۇ ماڭا دەرهال تۈرك ۋەتەنداشلىقىغا ئۆتۈش

www.uyghurweb.net

لازىملىقىنى، ئۆزىنىڭ ياردەملىشىپ تېز چىقىرىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن دەرھال ئىستانبۇلغا كېلىپ، 1977 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تۈركىيە ۋەتەنداشلىقىغا ئىلتىجا قىلدىم. ۋەتەنداشلىق ئىشلىرىم ھەل بولىۋاتقاندا، يۇرتداشلاردىن بىرسى مېنى « تەيۋەننىڭ جاسۇسى » دەپ چېقىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر يىلغىچە تەكشۈرۈش پۈتمىدى. ئىستانبۇلدىن سورىسام، ئەنقەرەگە ئەۋەتتۇق، دەپ جاۋاپ بەردى ۋە تارىھ نومۇرى بەردى. ئەنقەرەدىكى بۇ ئىشقا مەسئۇل كىشى ـ ھىكمەت بالچى ماڭا، ئىشلىرىمنىڭ يۇرۇۋاتقانلىقىنى، يەنە بىر ئاز ساقلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى. يەنە سادىق بەيگە ئەھۋالنى ئېيتتىم ۋە 1978 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىگىچە تەيۋەنگە بېرىپ قۇرۇلتايغا قاتناشمىسام، مىللەت ۋەكىللىك سالاھىتىم بىكار بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدىم، ئۇ ھىكمەت بالچىغا دەرھال تېلېفون بېرىپ ئەھۋالىمنى ئېيتتى. ئۇ مېنى چاقىرتىپ كېلىپ، تۈركىيەگە كېلىشتىكى سەۋەبلەرنى، بۇرۇن نېمە ئىش قىلغانلىقىمنى، ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان ـ ئوقۇمىغانلىقىمنى، ئاتا ـ ئانامنىڭ قانداقلىقىنى تەكشۈرۈپ ـ سوراپ پۈتۈن ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، مېنىڭ نامىمدا بىر ئىلتىماسنى كاتىپقا يازدۇرۇپ، ئالتە ئايلىق ۋاقىتلىق چەتەللىك پاسپورتى يازدۇرۇپ، ماڭا قول قويدۇرۇپ ئېلىپ قېلىپ ئەتە كېلىشىمنى ئېيتتى. ئەتىسى كەلسەم، پاسپورتنى ئىستانبۇلدىن ئالىسەن، ـ دېدى. مەن خوش بولدۇم، ئۇنىڭ بىلەن سەممىمى دوست بولۇشتۇق. ئىستانبۇل ساقچى ئىدارىسى 4 ـ شۆبىسىدىن چەتەللىك پاسپورتىمنى ئېلىپ تەيۋەنگە قايتىپ، 6 ـ قېتىملىق دۆلەت قۇرۇلتىيىغا قاتناشتىم. قۇرۇلتايدىن كېيىن تۈركىيەگە قايتىپ ۋەتەنداش بولۇپ، تىزراق ئوغلۇمنى ئەكەلدۇرۇش نىيىتىدە مېڭىپ يۈرسەم، ھىكمەت بالچىدىن بىر مەكتۇپ كەلدى. خەتتە، چەتەلگە چىقىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن ۋەتەنداشلىقىمنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان ئىدى. قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي گەڭگىراپ يۈرگەن كۈنلەردە، تۈركىيەدىن گۈۋەن پارتىيىسىنىڭ مىللەت ۋەكىللىرىدىن ئورھان ئۆزتۈرك باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ـ فاتىھ چېلىك باشي، كەڭىز ۋە ئىككى مۇخبىر بولۇپ بەش كىشى تەيۋەنگە كەلدى. مەن ئۇلارنى قارشى ئېلىش خىزمەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ ـ سىردىشىپ يەنە دوست بولدۇم. ئۇلار تۈركىيەگە باردىڭىزمۇ دەپ سورىغاندا، مەن بولغان ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ ھېلىقى خەتنى كۆرسەتتىم. ئۇلار

www.uyghurweb.net

خەتنى ئوقۇدى. فاتىھ بەي ماڭا ۋەدە بېرىپ بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن كۆپ رەھمەت ئېيتتىم. فاتىھ بەي ئەنقەرەگە كەلگەندىن كېيىن، ساقچى ئىدارىسىگە تېلېفون قىلىپ، باش مۇدىرنى مىللەت مەجلىسىگە چاقىرىپ كېلىپ، « ئالتە ئايلىق چەتەللىك پاسپورتىنى ئۆزەڭلار بېرىپ، ئۇنى چىقىرىۋېتىپ، ئەمدى ۋەتەنداشلىقنى بىكار قىلغىنىڭلار قايسى قانۇن بىلەن بولدى؟» دەپ سۈرۈشتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەتەنداشلىق ئىشلىرىم قايتىدىن يۈرۈشۈپ كەتتى. ھېكمەت بالچى خەت يېزىپ، فاتىھ بەينىڭ كۆڭۈل بۆلىشى بىلەن ئىشىڭىز ھەل بولدى، دەپ ئۇقتۇردى. ئىستانبۇلغا كېلىپ فاتىھتىكى نوپۇس ئىدارىسىغا بېرىپ، 1978 ــ يىلى 11 ــ ئاينىڭ 2 ــ كۈنى نوپۇسۇمنى ئالدىم.

تەيۋەن مەركىزى ھۆكۈمىتى، دۆلەت مەمۇرى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ بىر چوڭ بانكىسى بىلەن 20 يىللىق قەرز پۇل ئېلىپ بىنا سېلىپ بېرىش توختامنامىسى تۈزدى ۋە ئۆيلەرنى تەقسىم قىلىپ بەردى. پۇلنى ھەر ئايلىق مائاشتىن تۇتۇپ قالدى. ئۆيلەر ئىككى قەۋەتلىك، 4 ياتاق ھۇجرىلىق، بىر مېھمانخانىلىق، بىر ئاشخانا، ئىككى تەرەتخانا، تاماق يەيدىغان ئۆيى، ياتاق ئۆيى ۋە بىر خىزمەتچىسى بار، ئالدى ــ ئارقىسى باغچىلىق كۆركەم بىر يۈرۈشلۈك ئۆيلەر بولۇپ، بۇ ئۆيدە يەتتە يىل ئولتۇردۇم. تۈركىيە ئارقىلىق يۇرتۇمدىكى ئۆيۈم بىلەن خەۋەرلەشتىم. ئانام، ئۇكام، ئوغلۇم ۋە ئوغلۇمنىڭ بىر ئوغلى، ئىككى قىزى قاتارلىق جەمئى ئون نەپەر قېرىنداشلىرىمنى قىزىل چىن ئاپىتىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۆپ پۇل بولىشى كېرەك ئىدى. يېنىمدا بەش مىڭ دوللار پۇل بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۆيۈمنى سېتىشقا مەجبۇر بولدۇم. يەتتە يىللىق قالغان پۇلنى تۆلەپ ئۆينى 35 مىڭ دوللارغا ساتتىم. جەمئي 40 مىڭ دوللارغا مال ئېلىپ تۈركىيەگە كەلدىم. تەيۋەندىن نەق پۇل ئېلىپ چىقىش چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن پۇلغا مال ئالدىم. ماللارنى 1978 ــ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۈركىيەگە يەتكۈزدۇم ۋە كىرگۈزۈش ئۈچۈن مالىيە مىنىستىرلىكىگە ئىلتىماس قىلدىم. ئۇلار: « بۇ ماللار سانائەت بويۇملىرى ئىكەن. سانائەت بويۇملىرىنى تۈركىيەگە كىرگۈزۈش چەكلەنگەن، خام ئەشيا مال بولسا رۇخسەت » دېدى. مەن بولسام تۈركىيەدىن تەيۋەنگە بارغان مىللەت ۋەكىللىرىنى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ھەيئەتلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىمنى، يەنى ئاتا تۈركنىڭ جۇمھۇرىيەتكە ئامانەت قىلغان تاشقى تۈركلەر

www.uyghurweb.net

يىللاردىن بېرى يات مىللەتلەرگە ئەسىر بولدى، ئۇلارغا قۇچاق ئېچىڭلار، قانىتىڭلار ئاستىغا ئېلىڭلار، باغرىڭلارغا بېسىڭلار، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە ئۇلارغا ئىمكان يارىتىپ بېرىڭلار دېگەن سۆزىنى ئەسلىتىپ باقساممۇ ئۇنىمىدى. مەن تىجارەتچى ئەمەسلىكىمنى، ئائىلە مال ـ مۈلكۈمنى كۆچمەن شەكىلدە يۆتكىگەنلىكىمنى ئېيتسام‌مۇ ياق دېدى. ئامالسىز يەنە سادىق بەيىنى تېپىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم. ئۇ مېنى باشلاپ مىنىستىر خېلىل تۇنچىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىردى ۋە مەسىلىنى ئاڭلاتتى. ئۇ مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ باش سېكرېتارى قايا ئەردەمگە تېلېفون قىلىپ ئەبەيدۇللاھ ئەرتۈرك بىزنىڭ تەيۋەنگە بارغان كىشىلىرىمىزگە يېقىندىن ياردەم قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەن. ھازىر يۇرتىمىزغا كۆچمەن بولۇپ كەپتۇ، بىزمۇ بۇ ئادەمگە ياردەم قىلماقچىمىز، ماللىرى كۆچمەنلىك ھەققى ئۈچۈن كەپتۇ، شۇڭا ياردەم قىلساڭلار، بىزمۇ خوش بولىمىز دېگەن مەزمۇندا گەپ قىلدى. مەن مالىيە مىنىستىرلىكىگە بېرىپ قايا ئەردەم بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇ تاموجنا ئىشلىرى مەسئۇلى فىكرەت ياشار دېگەن كىشىنى چاقىرىپ مېنى تونۇشتۇردى، ئىشىمنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشنى تاپشۇردى. ئۇ باشقىلار بىلەن سۆزلىشىپ باقاي دېدى. ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن بارسام، بۇ ئىشنى سانائەت مىنىستىرلىكى بىلەن تىجارەت مىنىستىرلىكىگە يوللىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە مېنى سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە بۇيرۇپ ئۇنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بەردى. بىر قانچە قېتىم بارغاندىن كېيىن ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ، مېنىڭ مىللەت ۋەكىلى ئىكەنلىكىمدىن، كۆچمەنلىك سەۋەبى بىلەن چىققاچقا ئىشىمنى ھەل قىلىپ مىنىستىرلىككە بىلدۈرگەنلىكىمنى، بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن مالىيە مىنىستىرلىكىگە يوللاپ بېرىدىغانلىقىنى، مېنىڭ ئۇ يەردىن ئېلىۋالىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردى. كېيىن، ھەر ئىككى مىنىستىرلىكتىن مۇۋاپىق كۆرۈلۈپ تەستىقلاندى ۋە بۇ ھەقتە ئايرىم قانۇن چىقىرىش ئۈچۈن مىنىستىرلار مەجلىسىگە يوللىدى. ھەر بىر مىنىستىرنىڭ ئالىغا ئايرىم ـ ئايرىم ئېلىپ بېرىپ تەستىقلىتىپ قول قويدۇرۇش كېرەك ئىكەن. 34 مىنىستىرغا قول قويدۇرۇش ئۈچۈن نەق ئىككى ئاي ۋاقىت كەتتى. ئاخىرىدا باش مىنىستىر ئەجۋىت قول قويدى، ئاندىن كېيىن جۇمھۇرىيەت رەئىسى فاتىھ قۇرتۈرك قول قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، مالىيە مىنىستىرلىكى بۇ ماللارنى تۈركىيەگە كىرگۈزۈشكە رۇخسەت بەردى.

www.uyghurweb.net

ئىستانبۇلدىكى كامىيياۋ ئىدارىسىدىن تاپشۇرۇپ ئالماقچى بولۇپ بارسام، تاموجنا ۋاكالەتچىسى تېپىشىمنى بۇيرىدى. مۇستاپا ساغناق ئىسىملىك تاموجنا ۋاكالەتچىسى ماڭا ۋاكالەتەن پۈتۈن رەسمىيەتلەرنى تەييارلاپ تەستىق ئېلىپ تاموجنا باش مۇدىرى بىلەن سۆ يوللىرى قاتناش سۆبە مۇدىرلىرىگە قول قويدۇرۇپ ئاندىن ئامبارغا بېرىپ مالالارنى تەكشۈرۈپ، توغرا ئىكەنلىكىنى تەكشۈرگۈچى تاموجنا خادىملىرىغا ئۇقتۇرۇپ مالنى ئېلىپ چىقىش رۇخسىتىنى ئېلىپ بەردى. مالنى ئېلىپ چىققىچە يۇقىرى ـ تۆۋەن مېڭىپ يۈرۈپ ساق بىر يىل ۋاقىت كەتتى، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدىم، كۆپ زىيان تارتتىم. ئېلىپ كەلگەن ماللىرىم شۇلار ئىدى:

16 مىلىمېتىرلىق سىنى ئېلىپ تارتىشقا ئىشلىتىدىغان ماشىنا، رەڭلىك كىنو ئاپپاراتى، رادىئو، 16 مىڭ جۈپ قول سومكىسىنىڭ نۇمۇرلۇق قۇلۇپى، بەش مىڭ جۈپ تۆز قۇلۇپ، 500 دانە توك كەتكەندە ئۆپتۇماتىك يېقىلىدىغان لامپا، بىر يۈرۈش قول ئويما دىۋان، ئۈستەل، ئورۇندۇق، بورا مال چىقىرىدىغان ماشىنا قاتارلىقلار ئىدى.

ماللىرىمنى تاموجنىدىن چىقىرىپ بەيازىتتىكى بىر ئامبارغا چۈشۈرۈپ ساتتىم. بىر قىسىم مېلىمنى سېتىپلا دەرھال چاپا مەلىسىدىن بىر ئۆي سېتىۋالدىم.

## ئوغلۇم بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ۋىدالىشىش

1979 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئوغلۇم ھەبىبۇللاھ، ئۇكام ھەمدۇللاھ، جىيەنىم ياقۇپ سادىق قاتارلىق ئۈچ كىشىگە چاقىرىق قەغىزى ئەۋەتتىم. ئارىدىن بىر يېرىم يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، 1981 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئوغلۇم بىلەن ئۇكامغا رۇخسەت بەرمىدى، جىيەنىم ياقۇپ سادىققا رۇخسەت بېرىپتۇ، ئۇ ئىستانبۇلغا يېتىپ كەلدى. ئالتە ئاي ئىستانبۇل، ئەنقەرەلەردە مېھمان قىلىپ ئۇزۇتۇپ قويدۇم. 1982 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئوغلۇمنى ئائىلىسى بىلەن چاقىرتىپ دەۋەتنامە ئەۋەتتىم. 30 يىل ئايرىلىپ كەتكەن ئوغلۇم بىلەن كۆرىشىش ئىنتايىن ھاياجانلىق بولدى. 1982 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تەيۋەندە قالغان مال ۋە نەسرە كىرەكلىرىم ئۈچۈن تەيۋەنگە باردىم. بەزى ئىشلار سەۋەبىدىن بەش ئاي تۇرۇپ قالدىم. 1983 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئوغلۇم چوڭ نەۋرەمنى ئېلىپ ئىستانبۇلغا سالامەت يېتىپ كەلدى. ئايالى بىلەن ئۈچ قىزىغا رۇخسەت بەرمەپتۇ. ئوغلۇمنىڭ 30 يىلدىن كېيىن ئەركىن دۇنياغا،

www.uyghurweb.net

مېنىڭ يېنىمغا كەلگەن ۋاقتىدا خوشاللىقىمدىن ھاياجانلىنىپ كۆز ياشلىرىمنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدىم. ئوغلۇمنىڭ كەلگەنلىك خەۋرى، يەنى مەكتۇپ تەيۋەندىكى مىللەت مەجلىسى ئىدارىسىگە كەلگەن ئىكەن. مېنىڭ ھالىمنى كۆرگەنلەر ھەيران قالدى ۋە ئاڭلاپ مۇبارەكلەشتى. مەن دەرھال ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ 6 ـ ئايدا ئىستانبۇلغا كەلدىم. ئايرۇدۇرۇمغا ئوغلۇم ۋە نەۋرەم بىلەن بىللە بىر قانچە ئۇيغۇر، قازاق ھەمشەھەرلىرىم چىققان ئىكەن. يىغلىشىپ كۆرۈشىپ دىدارلاشتۇق، ئەتراپتىكى تۈرك قېرىنداشلار يىغا ـ زارىنى ئاڭلاپ سورۇشتۇرۇپ بىزنى قۇتلىدى. ئۆيگە كېلىپ يۇرتتىكى ئاغىنە، يۇرتداشلارنىڭ سالام خەتلىرىنى ئوقۇدۇم، كەچتە سەپەر خاتىرىسىنى سۆزلەپ بەردى.

ئوغلۇم ئەرتۇركتىن 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قۇمۇلغا كېلىپ پاسپورتىنى ئۆرۈمچىدىن ئالىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۈرۈمچىگە يولغا چىقىپتۇ.قۇمۇل ساقچى ئىدارىسىدىن بىر بۆلۇم باشلىقى بىللە مېڭىپتۇ. ئۈرۈمچىگە ئۆزىتىپ كەلگەن ئۇكام ھەمدۇللاھ ھاجى قاتارلىق تۇققانلارنى باشقا يەردە يېتىڭلار دەپ، ئوغلۇمنى ئېسىل مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياخشى تاماقلار بىلەن مېھمان قىلىپ، ئوينىتىپ ھېلىقى بۆلۈم باشلىقى ساقچى پاسپورت ۋە باشقا رەسمىيەتلەرنى تەييارلاپ بېرىپتۇ. 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مېھمانخانىدىن سىرتقا چىقارماي، خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ نازىرى كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ نازىر، مۇئاۋىن نازىر، تەرجىمان ۋە ھېلىقى بۆلۈم باشلىقى بولۇپ بەش نەپەر كىشى بىلەن سۆھبەتلىشىپتۇ:

- سەن نېمە ئۈچۈن تۈركىيەگە بارىسەن؟
- دادام بىلەن كۆرەشكىلى بارىمەن.
- داداڭنى بۇ يەرگە چاقىرتىپ كېلىپ كۆرۈشسەڭ بولمامدۇ؟
- پۈتۈن يۇرتتىكى تۇققانلار، ئاغىنىلىرى خەت يازدۇق، سۆزلىرىمىزنى لېنتىغا ئېلىپ ئەۋەتتۇق. ئەمما، دادام كېيىن كېلىمەن دەپ جاۋاپ بەردى.
- سەن داداڭنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟
- مەن ئۇ چاغلاردا كىچىك ئىدىم، ئۇرۇق ـ تۇققانلار ھەممىسى باشقا يەرلەردە ئىدى.

www.uyghurweb.net

- سىنىڭ داداڭ بىزنىڭ ئەسكەرلەر بىلەن سوقۇشۇپ كۆپ ئەسكەرلىرىمىزنى ھەمدە بىر چوڭ ئوفىتسىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتكەن. بۇ ئىشلاردىن قورقۇپ كەلمەيدۇ. سەن داداڭغا چۈشەندۈر، ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، ھازىر بۇ ئىشلارنى قەتىي سۈرۈشتۈرمەيمىز. داداڭ كەلسە مەن بېيجىڭغا بېرىپ قارشى ئالىمەن، داداڭنىڭ ھاياتىغا مەن كېپىللىك قىلىمەن، قورقماي كەلسۇن. داداڭ جوڭگودا بىرىنچى قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن ئادەم، ئەگەر بۇ يەردە بولسا بىزگىمۇ خىزمەت كۆرسىتەتتى، بىز ئۇنى تەقدىرلەپ پۈتۈن جوڭگوغا بىلدۈرەتتۇق. داداڭدەك چوڭ ئادەم بىكار ياتمىسۇن، تەيۋەن بىلەن جوڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ تۆھپە كۆرسەتسۇن. سەن تۈركىيەگە بارمىغىن، داداڭنى شاڭگاڭغا چاقىرتىپ شۇ يەردە كۆرۈشسەكمۇ بولىدۇ.

2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بىخەتەرلىك نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىككى مۇئاۋىن نازىر، تەرجىمانلىرى بولۇپ يەنە بەش كىشى كېلىپ يەنە ئوخشاش سۇئاللارنى سوراپ، ئوخشاش گەپلەرنى تاپىلاپ كېتىپتۇ ۋە ئەڭ ياخشىسى داداڭ كەلسۇن، كەلمىسە بىزگە بىر كىتاپ يېزىپ بەرسۇن دەپتۇ. ئەتىسى ھېلىقى بۆلۈم باشلىقى ساقچى بىللە بېيجىڭغا بېرىپتۇ، ئۆزۈتۈپ كەلگەنلەر قومۇلدا پويىزدىن چۈشۈپ قاپتۇ. بېيجىڭدا ئون كۈن ئويناتۇپ، ئاسارە - ئەتىقە يەرلىرىنى كۆرسىتىپ، ياۋرۇپاغا ماڭغان تەنھەركەتچىلەرگە قوشۇپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. تەنھەركەتچىلەر ئىستانبۇلغا كەلگەندە چۈشۈرۈپ قويۇپ كېتىپتۇ.

1983 - يىلى 6 - ئايدا تەيۋەندىن قايتىپ كېلىشىمدە ماللىرىمنى كېمە بىلەن يوللاپ، ئۆزەم ئايروپىلان بىلەن قايتىپ كەلگەن ئىدىم. ئىككى ئايدىن كېيىن ماللىرىم ھەيدەرپاشا تاموجنىسىغا كەپتۇ. يەنە مالىيە مىنىستىرلىكىگە ئىلتىماس قىلدىم، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ سېكرىتارى قايا ئەردەم مالىيە مىنىستىرلىكىگە مىنىستىر بولغان ئىكەن. مەمەت سادىق شىيدا سوتسىيال گۈۋەنلىك ( ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك ) مىنىستىرى بوپتۇ. بۇ قېتىم ئۇدۇل بېرىپ قايا بەينىڭ بېشىنى ئاغرىتتىم. ئۇ مەسلىھەتچىسىنى چاقىرىپ مېنى ئىلگىرىكىدەك تونۇشتۇرۇپ تېز ھەل قىلىپ بېرىشنى تاپىلىدى. ئۇ مىنىستىر ئالدىدا ماقۇل دەپ، سىرتقا چىققاندا ئەتە كەل دېدى. ئەتىسى كەلسەم فىكرەت ياشارنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆرۈشۈشمىنى ئېيتتى. فىكرەت بەي بىر مۇنچە قۇرۇق

www.uyghurweb.net

باھانىلار بىلەن قايتۇردى، قارىسام ئىش تەكسە چۈشىدىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا يەنە سادىق بەيىنى ئىزدەپ تاپتىم، سادىق بەي مالىيە مىنىستىرى مەسلىھەتچىسىگە تېلېفون قىلىپ، ئۆتمۈشۈمنى قايا بەيگە ئوخشاش تەپسىلى ئېيتتى ۋە: «بۇ كىشىگە يېقىندىن ياردەمدە بولۇشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن، سىزدىن كۆپ مەمنۇن بولىمىز» دېدى. ئاخىرىدا يەنە مەن بۇ ئادەمنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ كۆپ پۇشايمان قىلدىم، دېدى. بۇنى ئاڭلاپ مەمنۇ مەيۈسلەندىم. مالىيە مىنىستىرلىكىگە بېرىپ مەسلىھەتچى بىلەن كۆرۈشسەم، ئۇ: «سادىق بەي سىزنى تەكلىپ قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن كۆپ پۇشايمان قىلىپتۇ» دېدى. مەن دەرھال ئۇنىڭغا:

- ئۇ تېلېفون قىلغاندا مەن يېنىدا ئىدىم، مەمنۇ ئاڭلاپ كۆپ خىجىل بولدۇم. ئۇ راست دەيدۇ، مەن كېلىپ ئۇنى بەكمۇ كۆپ ئاۋارە قىلدىم. تەيۋەندىكى ۋاقتىمدا تۈركىيەدىن ھەرقانداق ۋەكىللەر ئۆمىكى كەلسە مەن يېنىدا بىللە بولاتتىم، ئۇلار ماڭا: «ئەگەر تۈركىيەگە بارساڭ، ئاتا تۈركنىڭ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە تاپشۇرغان ئىككى ئامانىتى بار. بىرى، تۈرك ئىرقىدىكى مۇسۇلمان بولغان كىشى ۋەتەنداش بولالايدۇ. يەنە بىرى، تاشقى تۈركلەرگە قۇچاق ئېچىش، باغرىغا بېسىش، قانات ئاستىغا ئېلىش» دېگەن ئىدى. مەمنۇ ھېچ ئويلاشماي تەيۋەندىكى ئۆي ـ جايىمنى سېتىتىم. ئۇ يەردە چەتەلگە نەق پۇل ئېلىپ چىقىش چەكلەڭەن بولغاچقا مال ئالدىم. تۈركىيەنى ئىككىنجى ئانا ۋەتىنىم، تۈرك ئاغىنىلەرنى قان قېرىندىشىم دەپ كەلسەم، ئەكسىچە بولىۋاتىدۇ. مەنمۇ پۇشايمان قىلدىم. ئەمدى قايتسام ئۆيمۇ يوق، يەيدىغان ئېشىممۇ يوق.ماللىرىمنى قايتۇرۇپ ئاپىرىش مۇمكىن ئەمەس. يېنىمدا پۇل تۈگۈل، قولۇمدا سائىتىممۇ يوق، يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى. تۈركىيە قۇچاق ئاچمىسا، ئۆزەمنى دېڭىزغا تاشلاپ ئۆلمەكتىن باشقا چارە يوق، - دېدىم. مەسلىھەتچى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بولۇپ، فىكرەت ياشارنى چاقىرتىپ، بۇ كىشىنىڭ ماللىرىنى تاموجنىدىن ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت بېرىلسۇن، دەپ بۇيرۇق قىلدى ۋە رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ كېلىڭ، مەن مىنىستىرغا قول قويغۇزۇپ بېرىمەن، دېدى. بۇ قېتىم ئالتە ئاي يول مېڭىپ ھەرھالدا بىر ئاز ئاسانراق ھەل قىلىپ كىرىش رۇخستى ئالدىم. ماللىرىم ئىستانبۇل تاموجنىسىدا ئىدى. بۇ يەردىن تاموجنا ۋاكالەتچىسى ئەكرەم سانۋەر ۋە شېرىكى نەبى بەيلەرنىڭ ياردىمىدە پۈتۈن رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولدۇم.

1983 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئوغلۇم ھەبىبۇللاھ بىلەن ئوغلى ئەخمەت تۈركىيەگە كەلگەندە مەن تەيۋەندە ئىدىم. ئوغلۇم يۈرتتىكى ۋاقتىدا راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىكەن. دوختۇرخانىغا كۆرۈنمەي ئۆيگۈر تىۋىپنىڭ دارىسىنى يەپ بىراز ياخشى بولۇپ بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەن. بۇ يەردە تۇرغۇزۇپ قىلىپ دەلىلقان ھاجىمنىڭ خانىم نازىمەخان ئىككى قېتىم دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كۆرسۈتۈپ داۋالاتقان ئىكەن. 6 ـ ئايدا مەن تەيۋەندىن كەلگەندە، يەنە دوختۇرخانىغا بېرىپ يۈردى. غەپلەپ بېسىپ، بەدىنىنى رەسمىي ئومۇمۇييۈزلۈك تەكشۈرتمەپتىمىز. بۇ ئارىلىقتا مېنىڭ ئۆتۈمدىكى تاش جىددىيلەشكەنسېرى قوزغۇلۇپ، دوختۇرخانىغا بارسام دەرھال ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشنى بۇيرىدى. خەتەرلىك بولغان ئىكەن. ئوپېراتسىيە قىلىنىپ بىر ئاي ياتتىم. ئوغلۇم بىر تەرەپتىن ماڭا قارىسا، بىر تەرەپتىن ئۆزىنى داۋالىتىپ يۈردى. دەرۋەقە ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇق. ئۇ تۈركچە بىلمىگەچكە دوختۇرلارمۇ قورقۇپ كەتمىسۇن دەپ ئوچۇق ئېيتماپتۇ. شۇ كۈنلەردە تاموجنا ئىدارىسىدىن ئۈچ كۈن ئىچىدە پۈتۈن رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ م ئېلىنغانلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار دەپ بۇيرۇق كەلدى. ئېلىپ كەتمىسەك دۆلەت غەزىنىسىگە كىرىپ كېتىدىكەن. بۇنى ئاڭلاپ ئوغلۇم يىغلاپ كەتتى. ئىككىمىز كېسەل، يېنىمىزدا پۇل يوق، قانداق قىلارمىز؟دەپ بېشىمىز قاتتى. ئوغلۇمنى ئۆيگە بېرىپ خوشنا تۈركلەرگە تېلېفون بەرگۈزۈپ، ئەكرەم بەينى دوختۇرخانىغا چاقىرغىن، دېدىم. ئەكرەم بەي دەرھال يېتىپ كەلدى. ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم ۋە « تاموجنا چىقىملىرى 10 مىڭ دوللار بولىشى مۇمكىن، ئوغلۇم ئوپېراتسىيە بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، چارىسىز قالدۇق، بۇنداق تاشلاپ كەتسەك بېشىمىزغا بالا بولمىسۇن، سەن قانۇنى رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ دۆلەتكە تاپشۇرساڭ، ئىش ھەققىڭنى كېيىن دوختۇرخانىدىن چىققاندا بېرەرمەن » دېدىم. ئۇ تاموجنا باش مۇدىرىغا مېنىڭ ۋە ئوغلۇمنىڭ ئەھۋالىمىنى ۋە ھازىرقى قىسمەتلىرىمىزنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئەكرەم بىلەن بىللە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئەۋەتكەن ئادىمى دوختۇرخانىغا كېلىپ ھەممە ئەھۋالنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ كەتتى. تاموجنا مۇدىرى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، پۇل تاپقىچە مالنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ چىقىرىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىپ قول قويۇپ بېرىپتۇ، ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن. بۇ ئىككى تاموجنا خادىمىنىڭ ئالاھىدە ياردىمى تەگدى. بۇرۇن مال ئالغاندا مەتىن دۆنەراي بەي دېگەن كىشى بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ قالغان ئىدىم. تاموجنا ۋە باشقا

www.uyghurweb.net

چىقىملار ئۇچۇن ئۇنىڭدىن 100 مىڭ لىرا پۇل قەرز سورىغان ئىدىم، دەرھال بەردى. بۇنىڭ بىلەن مالنىڭ بىر قىسمىنى چىقىرىپ قەرزگە تۆتۈۋېلىش ئۇچۇن خالىسا ئېلىشنى سوراپ مەتىن بەيگە كۆرسەتتىم. ئۇ ئېلىپ قىلىشنى خالىدى ۋە بىر قىسىم مالنى قەرزگە ئېلىپ قالدى، يەنە 100 مىڭ لىرا بەردى ۋە باشقا دوستلىرىغىمۇ سەل يۇقىرى باھادا سېتىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، تاموجىنىدىكى ماللارنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋالدىم. بۇ ماللارنىمۇ مەتىن بەينىڭ ياردىمى بىلەن سېتىپ پۇل قىلىۋالدىم. ئۇنىڭدىن باشقا ماڭا چوڭ خەيرىخالىق قىلغان قازاق قېرىندىشىم دەللىقاننىڭ بىر تۇغقىنى قۇنان بەي نازىر دېگەن كىشىنى ھېچ ئۇنتۇتمايمەن. ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇن تونۇشمايتتۇق، ھەمسەپەرمۇ بولۇپ باقمىغان ئىدۇق. تۈركىيەگە كېلىپ تونۇشتۇم، ئاغرىپ قالغان كۈندىن باشلاپ مېنى يوقلاپ تۇردى، دوختۇرخانىغىمۇ كەلدى، ئېغىر كۈنلەردە تاشلىماي ئىزدەپ تۇرغان دوست ھەقىقىي دوست بولالايدۇ.

مەن بىراز ياخشىلىنىپ دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، ئوغلۇمنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىشقا باشلىدى، مەنمۇ ھالسىزلىقتىن ماڭالمايتتىم، بەزى ئىشلارنى تاموجىنىچىغا تاشلاپ قويغىلى بولمايتتى. ماللارنى ئۆيگە توشۇشقا توغرا كەلدى، قۇنان باي بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، 3- ئوغلىنى ماشىنىسى بىلەن يەنە ئىككى ئوغلىنى قوشۇپ ئەۋەتىپ، مېلىمنى ئامباردىن ئۆيىمگە توشۇپ بېرىپ كەتتى. خوشاللىقىمدىن كۆزلىرىمدىن ياشلار ئاقتى، مەن يۇرتدىشىم قۇنان باي نازىر ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە، تىجارەتچى دوستۇم مەتىن دۆنەرايغا، ئەكرەم سانۇەرگە، نەبى بەيلەرگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. ئاللاھ ئۇلارنى شات ـ خورام قىلسۇن!

تاموجنا ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، مەن كۈندىن كۈنگە ياخشىلىنىشقا باشلىدىم.ئەمما ئوغلۇمنىڭ كېسىلى ئېغىرلىششقا باشلىدى. ئوغلۇمنى داۋالىتىش ئۇچۇن ئاستا ـ ئاستا ھەرىكەتلىنىپ مال سېتىشقا باشلىدىم. بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىنلىكىدە دەم ئېلىپ ئۇخلاۋاتسام، قۇلقۇمغا « ئورنىڭدىن تۇر » دېگەن بىر ئاۋاز كەلگەندەك بولدى، دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئوغلۇمنىڭ ھوجرىسىغا كىرسەم يوق، مېھمانخانىغا چىقسام ئۇ قوسقىنى چىڭ تۇتۇپ تۈگۈلۈپ يېتىپ قاپتۇ. يۈگرىپ بېرىپ:

www.uyghurweb.net

- ۋاي ئوغلۇم!نېمە بولدۇڭ؟يىقىلىپ چۈشتىڭمۇ؟-دەپ قۇچىقىمغا ئېلىپ سورىسام، ئۇ:

- ھېچنىمە بولمىدىم، قوسقىمنى بېسىپ ياتىمەن، - دېدى.

مەن ئۇنى دەرھال جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ باردىم، ئادەم كۆپ بولۇپ خېلى ساقلىغاندىن كېيىن، نۆۋەت كەلدى. دوختۇر كېسەلنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ياتاقتا ئالىدىغانلىقىنى، ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دە كېلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى. مەن ئوغلۇمنىڭ ئاغرىقتا چىدىمايۋاتقانلىقىنى ئېيتسام، بىر ئۇكۇل ئۇرۇپ قويدى. شۇنداق قىلىپ ئۆيگە قايتىپ بىرىپ سۈيقاش ئېتىپ ئىچتۇق. ئەتىسى چۈشتە ئوغلۇم تاماق يىيەلمىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دە دوختۇرخانىدا ساقلاپ تۇردۇق. دوختۇر كېلىپ ئېلىكتىرىك ئەسۋاپتا قايتا بىر قېتىم تەشۈرۈپ، ئاندىن 3 – قەۋەتتىكى ياتاقتا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار بىر ھەپتىگىچە بىمارنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئاغرىقتا چىدىيالمايدىغانلىقىنى دېسەم، « بىز ئاغرىق پەسەيتىدىغان ئۇكۇل ئۇرىمىز، خاتىرجەم بول » دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە كېلىپ تاماقتا تەييارلىق قىلىۋاتسام نەۋرەم ئەخمەت مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا، يەيدىغان نەرسە بارمۇ؟دەپ توڭلاتقۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ مېۋىلەرنى ئېلىپ يېدى. ئاش ئېتىۋاتسام، دادام قېنى؟ دەپ سورىدى. بالنىستقا كىرىپ قالغانلىقىنى ئېيتتىم. ئەتىسى ئۇ مەكتەپكە كەتتى. مال ساتقىلى بازارغا بېرىپ ھېچنەرسە ساتالماي كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ ئۇدۇل دوختۇرخانىغا ئوغلۇمنىڭ يېنىغا كەلدىم. ياتاقتىكى كېسەللەر ئاخشام ئوغلۇمنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخشام بەك ئاغرىپ كېتىپ نۆۋەتچى دوختۇر چاقىرغان ئىكەن، ئۇ داۋالاش بۆلۈمىگە ئېلىپ چىقىپتۇ. بىر پروپېسسور دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىشقا بۇيرۇپتۇ، خېلى ياخشى بولۇپ قاپتۇ. ئەمما، كېسىپ ئالغان نەرسىلەر كۆرۈنمەيدۇ، مېنىڭ كۆڭلۈم پەرىشان بولدى. دوختۇرلار ئالللاھتىن قورقمايدۇ، بىر ئادەمنى قۇربان بېرىپ پراكتىكانت ئوقۇغۇچىلارغا تەجرىبە قىلىپ بېرىدۇ، دەپ يىغلىدىم. ياتاقتىكى باشقا كېسەللەرمۇ جىم – جىت بولۇشۇپ كەتتى. ئىككى كۈنچە دوختۇر كۆرۈنمىدى. ئۈچۈنجى كۈنى ئۆيگە كېلىپ ئەخمەتكە ناشتىلىق بېرىپ مەكتەپكە ئەۋەتىۋېتىپ، دوختۇرخانىغا كەلسەم دوختۇر قاراخان ئۈچرىدى.ئۇ مېنى كۆرۈپلا « ئوغلۇڭغا كۆپ ئېچىنىدىم » دېدى. ئاڭلاپلا رۇھىم چىقىپ كەتتى، ھېچنىمە دېيەلمەي تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ ماڭا:

www.uyghurweb.net

- ئوغلۇڭنى ئوپېراتسىيە قىلىپ قارىساق، ئىچى - قارنى پۈتۈنلەي راك بولۇپ كېتىپتۇ. بىر - ئىككى ئاي ۋاقتى قالدى، -دېدى.

مەن ئەقلىمنى يوقۇتۇپ، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم. بىرازدىن كېيىن ھۇشۇمغا كېلىپ، بۇلدۇقلاپ يىغلاپ دوختۇرغا يالۋۇردۇم:

- دوختۇر بەي، ئەڭ چوڭقۇر سۆيگۈ، سەمىمىي ھۆرمىتىم بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن، ئوغلۇمنى ئامال قىلىپ قۇتۇلدۇرۇپ قىلىڭ، ئۇ مېنىڭ يالغۇز بالام، بۇ يەردە باشقا ھېچ ئەۋلادىم يوق، پۈتۈن بىساتىمنى ئۇنىڭ ھاياتى ئۈچۈن سەرپ قىلىمەن.

دوختۇر مېنى بەزلەپ تەسەللى بېرىپ قويۇپ، پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتى. بىردەم تۇرۇپ كۆز ياشلىرىمنى ئېيتىۋېتىپ ياتاققا كىرسەم، باشقا كېسەللەر ئوغلۇمنى خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، دەپ تەسەللى بەردى. بۇلار كېسەللىرىگە شۇنداق ياخشى قارايدىكەن، باشقا كېسەللەرگىمۇ ئۆز كىشىلىرىگە ئوخشاش قاراپ ھەمكارلىشىدىكەن. مەن بىر تەرەپتىن بازارغا چىقىپ مال ساتىمەن، ھەركۈنى ئەخمەتكە ئۈچ ۋاخ تاماق قىلىپ بېرىپ، ئۈچ قېتىم دوختۇرخانىغا بېرىپ ئوغلۇمنىڭ ئورنىنى تازلاپ، ئاستىغا پاختا قويۇپ بېرىپ كېتىمەن، باشقا ئىشلارنى ياتاقتىكى كېسەللەرنىڭ قېرىنداشلىرىغا ئامانەت قىلىمەن. ماڭا ياردەم قىلىدىغان بىرمۇ قېرىندىشىم ياكى يىراق - يېقىن بىرەر تۇققىنىممۇ يوق. بۇ ئەھۋالدا يۇرتداشلارغا ئاش - تاماق ئېتىپ بەرگۈدەك بىرەر كىرالىق كىشى ياكى تۇل ئايال بولسا ئۆيلەپ قويساڭلارمۇ بولىدۇ، دەپ ئىلتىماس قىلدىم. پەقەت سەلەيھاجىم يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئىزدەپ باققان بولسىمۇ، ھېچكىم تېپىلمىدى. ئوغلۇمىمۇ يوقلاپ كەلگەنلەرگە:« دادام بەك قېيىلىنىپ كەتتى، بىرەر لايىق خوتۇن تېپىپ ئۆيلەپ قويغان بولساڭلار ياخشى بولاتتى » دەپ تۇردى. مەن سىرتتىن كەلسەم، دادام قاچان كېلەركىن دېگەندەك تەلمۈرۈپ ياتىدۇ. ھەر قېتىم كەلسەم خوش بولۇپ كېتىدۇ. يەكشەنبە كۈنلىرى « بۈگۈن مال ساتالمايسەن، مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغىن » دەپ يالۋۇرىدۇ. بىركۈنى ماڭا:« دادا، مېنىڭ جىنازەمنى ئۆيدىن ئېلىپ چىقىڭلار » دېدى ۋە يەنە:« كېلىنىڭنى ئېلىپ كېلىپ ئۆزەڭنى بىر يىل باققۇزىۋال » دېدى. مەن تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى تۇزەپ قويدۇم. شۇنداق قىلىپ 45 كۈن بولغاندا دوختۇرخانىدىن ئېلىپ ئۆيگە چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرساق، تۇرسۇنباي دېگەن دوستۇمنىڭ خانىمى، ئىككى يەڭسى ۋە سارىخان دېگەن خانىملار ۋە باشقىلار ئوغلۇمنى يوقلاپ

www.uyghurweb.net

كەلگەن ئىكەن. ھەممىمىز بىللە ئوغلۇمنى دوختۇرخانىدىن ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. شۇ كۈنى 1984 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چارشەنبە سائەت 6 دە ئوغلۇم ئالەمدىن ئۆتتى. خوشنىلار كىرىپ يۇرتداشلارغا خەۋەر بەردى. شۇكۈنى كەچتە قۇنان باي، تۇرسۇنباي، توختا باي، ئازامبايلار كېلىپ ھال سوراپ جىنازا نامىزىنى چىقىرىش ئىشلىرىنى مەسلىھەتلىشىپ قايتىپ كەتتى ۋە بارلىق يۇرتداشلارغا خەۋەر بەرمەكچى بولدى. ئەتىسى ناماز ئەسىر ۋاقتىدا، ئەيسا ئەپەندى باشلىق ئۇيغۇر، قازاق ھەمشەھەرلەر بىرلىكتە مۇراتپاشا جامەسىدە نامىزىنى چۈشۈرۈپ ئوغلۇمنى قاسىمپاشا قۇلاقسىز مازارلىقىنىڭ تاغ باغرىغا دەپنە قىلدۇق. شۇنداق قىلىپ ئوغلۇمنى ئاخىرەتكە يولغا سېلىپ قويۇپ، بىتەلەي، بەختسىز، يەككە ـ يىگانە ئۆزەم قالدىم. ئەمدى ھالىم قانداق بولار دەپ قايغۇرۇپ، ئوغلۇمنىڭ « كېلىنىڭنى ئېلىپ كېلىپ ئۆزەڭنى بىر يىل باققۇزىۋال » دېگەن ۋەسىيىتىنى ئەسلەپ، بۇ كېلىنىمنى ئېلىپ چىققان ئىدىم. ئەپسۇسكى، بۇ كېلىن مېنى ئاغزى ـ بۇرنۇمغىچە تويغۇزۇپ، مانا ھازىر مېنىڭ ئۆلۈممنى كۈتۈپ يېتىۋاتىدۇ!

## يۇرتداشلارنىڭ ھايات ئەھۋالى

تۈركىيەدە، ئۇيغۇر، قازاق بولۇپ تەخمىنەن 350 دىن ئارتۇق يۇرتداشلار بار ئىكەن. ئاز ساندىكى ھەمشەھەرلەر ئۆي سېتىۋاپتۇ، كۆپىنچىسى ئىجارىدە ئولتۇرىدىكەن. تۈركىيەدە ئۆي مەسىلىسى ھەقىقەتەن قىيىن مەسىلە ئىكەن. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۆزىنەك مەھەللىسىدىن يەر ئېلىپ بىر مەھەللە قۇرۇپتۇ، ئانچە كۆپ كىشى تويلىنالماپتۇ. قازاق قېرىنداشلار گۈنەشلى كۆيى مەھەللىسىدە يەرلىشىپ خېلى كۆپ قىسمى تويلىنىشىپتۇ. ئۇيغۇر، قازاق قېرىنداشلارنىڭ كۆپ قىسمى تېرە كىيىم تىكىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ھەركىم ئۆز شارائىتىغا قاراپ ئىش قىلىدىكەن. بەزىلەرنىڭ تېرە كىيىم تىكىدىغان كىچىك فابرىكىلىرى، بەزىلىرىنىڭ تېرە كىيىم ساتىدىغان دۇككانلىرى بولۇپ، بەزىلىرى سىرتقا مال چىقىرىپ ساتسا، بەزىلىرى تېرە كىيىملەرنى دۇككانلارغا تارقىتىپ ساتىدىكەن. يەنە بەزىلىرى تېرە پارچىلىرىنى قوراشتۇرۇپ تىكىپ ساتسا، يەنە بىر قىسمى ئىشچى بولۇپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بەزى قازاق يۇرتداشلار 20 ـ 30 كىشى ياكى 40 ـ 50 كىشى بىرلىشىپ شىركەت

www.uyghurweb.net

قۇرۇپ، يەھۇدىلاردەك پىلاستىك چىقىرىدىغان فابرىكىلارنى ئېچىپ خېلى كۆپ پۇل تېپىپ باي بولۇپتۇ. ھەر ھالدا ھەركىم ئۆز ئالدىغا ئىشلەپ جان بېقىپ كېتىۋېتىپتۇ.

مەن كېلىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، مېنى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىغا (بۇ يەردە دەرنەك دەپ ئاتايدىكەن) كەلگىن دەپ چاقىردى. دەرنەك باشلىقى ئىيسا ئەپەندى، مۇئاۋىنى ئوسمان ھاجى ئىكەن. ھەيئەت رىياستى ئۇيغۇر، قازاق يۇرتداشلاردىن ئىكەن. مەجلىستە بەزى مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئاندىن ئىيسا ئەپەندىم مېنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى. ئوسمان ھاجى مەندىن شۇنداق سورىدى:

- تەيۋەن ھۆكۈمىتى ھەر يىلى بىر مۇنچە يۇرتداشلارنى چاقىرىپ ئېلىپ كېتىپتۇ، نېمە ئۈچۈن چاقىرىدۇ؟ ئۇلار تەيۋەندە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇلارغا ھۆكۈمەت كۆپ پۇل بېرەمدۇ؟

- ئۇقۇدىغانسىلەر؟ مەن خەلق سايلىغان مىللەت مەجلىسىدىكى مىللەت ۋەكىلى، مىللەت مەجلىسى، ئاساسى قانۇن ھەققىدە ھەر قانداق سوئالىڭلارغا جاۋاپ بېرىشكە تەييارمەن. ئەمما، ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى، شىنجاڭ رەئىسى ئىشخانىسىنىڭ خادىمى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن بۇ مەسىلىگە جاۋاپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. پەقەت بىلمەيمەن دېسەم ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. قولۇمدا تۇتۇپ، كۆزۈمدە كۆرۈپ قىلمىغان ئىشلىرىم بولمىسىمۇ، ئاڭلىغانلىرىمنى بىلىشىمچە دەپ بېرەي. تەيۋەن ھۆكۈمىتى ھەر يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى دۆلەت بايرىمىغا ئەتراپتىكى يۇرتداشلارنى بېرىپ ـ كېلىش ئايروپىلان بېلىتىنى بېرىپ چاقىرىدۇ. كەلگەنلەر دۆلەت بايرىمى كۈنلىرىدە جۇمھۇر باشقانى ۋە باشقا مىنىستىرلارنى زىيارەت قىلىدۇ، تەبىيي ۋە باشقا شەھەرلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ياتاق، تاماق، ماشىنا ۋە باشقا چىقىملىرى بېرىلىدۇ. كېتىدىغان چاغدا 200 دوللاردىن پۇل ئېلىپ قايتىپ كېتىدۇ. باشقا يەنە نېمىلەرنى قىلىدۇ بىلمەيمەن.

ئۇنىڭدىن باشقا بەزى مۇجمەل سوئاللاردىن باش تارتتىم. چۈنكى پىتنە ـ ئىغۋا بولىدۇ دەپ ئويلىدىم.

1977 ـ يىلى روزى ھېييت مەزگىلى ئىدى. ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى مەرھۇم نەبىرىددىن ھاجى، مۇنىرىددىن ھاجى، ئابدۇلھېكىم ھاجى ۋە مەن فاتىھە مەھەللىسىدىكى يۇرتداشلارنىڭ ئۆيىگە ھېييت پەتىسى ئۈچۈن ۋەتەن يولىدىكى

www.uyghurweb.net

ئاپتۇۋۇز بېكىتىگە كەلدۇق. ھاۋا ئىسسىق ئىدى. مەن بېكەتنىڭ سايىۋىنىدە تۇراتتىم، ئابدۇلھېكىم ھاجى مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ:«جاڭ كەيشىدىن پۇل ئالايلى، قانداق ئالىمىز؟» دەپ سورىدى. مەن ئۆزەمنىڭ تەنھا ياشىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزەمنىڭ پۇلىنى خەجلەپ، ھېچكىمنىڭ ئالدىغا پۇل دەپ بارمىغانلىقىمنى، بەزىلەرنىڭ شۇنداق ئويلاپ ھېچبىر نەتىجە چىقىرالمايدىغانلىقىنى، ئەمما مەسئۇد ئەپەندى، ھەزرىتىم، ئىيسا ئەپەندى زامانىدا ئۇلارنىڭ فابرىكا قۇرۇش مەقسىتىدە مەركىزى بانكىغا ئامېرىكا دوللىرى ئامانەت قويغانلىقىنى، بۇرۇن كەلگەن يۇرتداشلارنىڭ بۇ پۇلنىڭ نەچچە يىللىق پىرسەنتىدىن كۆپ پۇل ئېلىپ خەجلىگەنلىكى ھەققىدە ئاڭلىغانلىقىمنى دەپ بېرىپ، ئەگەر بۇ پۇللارنى ئېلىشقا توغرا كەلسە، ئىيسا ئەپەندىم بىلەن سۆزلىشىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى، بەلكى ئېلىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى ئېيتتىم. ئابدۇلھېكىم ھاجى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بولۇپلا، - بۇنىڭدىن كېيىن مەن سەن بىلەن گەپ قىلىشمايمەن!- دەپ ئۆزىچە سۆزلەپ ناھايىتى قايناپ كەتتى. مەن بۇ ئادەمگە ھەيران قالدىم. شۇ كۈنى ھەممىمىز بىرلىكتە ئوبدان ھېيىتلىشىپ ئايرىلدۇق. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ مېنىڭ يۈزۈمگە قارىماس بولدى. 10 يىل ئۆتۈپ، 1987 ـ يىلى يۇرتداشلار قىشلىق چاي ئويناپ ھەمدۇللاھ تارىم ئۆز ئۆيىدە مېنىمۇ چاقىرىپتۇ، كېلىپ قاتناشتىم. تاماقتىن كېيىن مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتۇق، ئابدۇلھېكىم ھاجى سۆزنى بۆلۈپلا: «بۇ خائىنلاردىن ھېساپ ئالامدۇق، ئاخىرەتتە ھېسابلىشىمىزمۇ» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ماڭا قارىتىلىۋاتقىنى ئېنىق ئىدى. ئىسمىم چىقمىغاچقا جىم ئولتۇردۇم. شۇ ئارىدا ئەبەيدۇللاھ جۈيجىناڭ كەشمىردىكى چاغدا دەلىلقان باشلىق قازاق يۇرتداشلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان ئىشلىرىنى سۆزلىگەن ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى كېسىلىپ قالدى، چاي تارقالدى. ھۈسىيىن ھاجىم بىلەن بىللە كېتىۋاتاتتۇق، ئابدۇلھېكىم ھاجىمنىڭ ئالدى ـ ئارقىنى ئويلىماي دەلىلسىز گەپلەرنى قىلغانلىقىدىن رەنجىپ شىكايەت قىلدىم. ھۈسىيىن ھاجىمنىڭ ماشىنىسىدا ئەبەيدۇللاھ ھاجىم، قادىر چىڭگىز ۋە مەن بار ئىدىم. ھۈسىيىن ھاجىم ماڭا: «سىلى ئابدۇلھېكىم ھاجىنى ساراڭ كۆردىلىمۇ؟» دېدى. شۇ كۈندىن كېيىن ئۇمۇ ماڭا تەتۈر قارىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئىيسا ئەپەندىم باشلىق يۇرت چوڭلىرىنى ۋە يۇرتداشلارنى ئۆيۈمگە چايغا چاقىرىپ، يان خوشنىمىز ھۈسىيىن قارىمنى ئۆزەم كىرىپ چاقىرساممۇ چايغا كىرمىدى. ئىككى

www.uyghurweb.net

ھەپتىدىن كېيىن، ھەمدۇللاھ ئاكىنىڭ ئۆيىگە بارسام، «بىزنىڭ چايغا قوشۇلغىن، بۈگۈن ئاخشام مىجىتخانىنىڭ ئۆيىدە چاي بار» دېدى. مەن، ئابدۇلھېكىم ھاجى بار چايغا بارسام، بېكاردىن كۆڭۈلسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتسام، ئۇ، ئەبەيدۇللاھ غوپۇر كىچىك بار يەرگە بارمايمەن، دەپتۇ، بۇ چايغا كەلمەيدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن چايغا كىرسەم، ئۇ تۆرنىڭ كاللىسىغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۈگۈن نېمە بولسا بولسۇن، ئۇنىڭ بىلەن بىر تۇتۇشۇش نىيىتىدە غوپۇر كىچىكنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. تاماقتىن كېيىن، ئابدۇلقادىر ھاجىم مەھكىمە شەرئىيدىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىس شېرىپلىرىدىن ياخشى سۆھبەتلەرنى باشلاپ سۆزلەۋاتسا، ئابدۇلھېكىم ھاجى سۆھبەتنى بۇزۇپ:

- ۋاي ئابدۇلقادىر ھاجىم، ئارىمىزدىكى خائىنلاردىن ھېساب ئېلىشىمىز لازىم، بۇنى سۆزلىشەيلى، -دېدى. ئابدۇلقادىر ھاجىم دەرھال بىر نەرسە دېيەلماي تۇرغاندا، مەمەت رىزا پاشا:

- مۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ يۈرمەي، ئىتتىپاق بولۇپ بىرلىككە كېلەيلى، - دەپ سۆز باشلاپ، ئىتتىپاقلىق ھەققىدە سۆز باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆزمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى.

كېيىنكى كۈنلەردە باشقىلارنىڭ ئارىسىدا ھەر تۈرلۈك پىتنە ـ پاساتلارنىڭ تارقىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ھەمدۇللاھ ھاجىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئابدۇلھېكىم ھاجىنىڭ ئىستانبۇل ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ھەمشەھەرلەرنىڭ ئارىسىدا مېنى شىكىيەت قىلىپ، نام ـ ئابرويۇمغا بوھتان قىلىپ، ئىنسانلىق شەرىپىمنى چۈشۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇنىمۇ، «ئارىمىزغا بىر خىتاينى ئېلىپ كىردى» دېگەن ئىكەن. ھەمدۇللاھ ھاجىممۇ مېنى قوللىدى.

بىر كۈنى مۇھەممەد ھاجىم شاڭخەيىنىڭ ئوغلى ئىمىنجان ئۆي ئالماقچى بولۇپ، مېنىڭ ياردەم قىلىشىمنى سوراپ كەپتۇ. تەرجىمان گېزىتىنىڭ ئۆيلىرىدىن ئالماقچى بولدى، مەن كىيىملىرىمنى كىيىپ، تاپانچامنى بېلىمگە قىستۇرغان ئىدىم، ئۇ كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە:

- ئابدۇلھېكىم ھاجى دوستلىرى ئەمەسمىدى؟ ـ دېدى. مەن:

- ھەئە، شۇ دوستۇمنى ئاتىدىغان تاپانچا بۇ، - دېدىم.

www.uyghurweb.net

ئىمىنجان چاخچاق دەپ چۈشەندى.ئىمىنجان بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا ئېيتقان بولسا كېرەك، مېنى كۆرگەن زامات قاچىدىغان بولدى. بىر كۈنى ئابدۇلھېكىم ھاجىنىڭ قۇدىسى سەلەي ھاجىم ماڭا:

- ئادەم ئۆلتۈرۈش ئوڭاي ئىش ئەمەس، قانۇنى جازاسى ناھايىتى ئېغىر، - دېدى. مەن:

- ۋاي ھاجى ئاكا، نومۇسلۇق ئادەمنىڭ ئىككى جېنى بار. بىرى ھايات ياشاتقان جېنى؛ يەنە بىرى، شەرەپ قازاندۇرىدىغان جېنى. ھايات جېنىمنى ساقلاش ئۈچۈن نومۇس جېنىمنى قۇربان بەرگىلى بولمايدۇ. نومۇسۇمنى ئاقلاش ئۈچۈن ھاياتنى قۇربان بېرىش كېرەك. مەن 66 ياشقا كەلدىم. يەنە 66 يىل ياشىشىم مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ ھاقارەتنى كۆتۈرۈپ يۈرگىچىلىكىم قالمىدى. بۇ قېرىغان جېنىمنى پىدا قىلىش قارارىغا كەلدىم، -دېدىم.

ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئۈيلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

بىر زامانلاردا كوممۇنىستلارغا قارشى كۆرەش قىلىپ، دىن، مىللەت، ۋەتەن ئۈچۈن قىلغانلىرىمنى كىتابىمنىڭ بېشىدا يازدىم. ئۇنىڭدىن باشقا يۇرتتىكى ۋاقتىمدا خەلقنىڭ تەلەپلىرىنى ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىپ ياخشى نەتىجىلەر ئالدىم. شۇڭا خەلق مېنى مىللەت ۋەكىلى سايلىدى، مەن تەيۋەندە يەنە شۇ مائاشىمنى يەپ ياتتىم. 30 يىل ئىچىدە پۇل تىلەپ ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا بارمىدىم، 30 يىل تەيۋەندە تۇرۇپ بىر خىتاي قىزى بىلەن ئۆيلەنمىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتتە مۇستەھكەم مىللى ئىرادەمنىڭ نەتىجىسى ئىدى. مەن ھېچقاچان جاڭ كەيشىدىن پۇل ئالايلى دېمىدىم. ئۇ جاسۇس، بۇ خىتاي، بۇ ئورۇس دەپ ھېچكىمنىڭ ئىناق - ئىتتىپاقلىقىنى بۇزمىدىم. ئۇيغۇرلۇق، تۈركلىك تىلىمنى، دىلىمنى ۋە ئىمانىمنى بۇلغىمىدىم. ئەكسىچە بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغانلارنىڭ مىللەتچى بولۇپ قالغىنىغا ھەيران بولىمەن. بىلمەيمەن، بەزىلەر مىللەت ۋەكىلى مائاشىمدىن قىزغىنىۋاتامدۇ؟ ياكى جاڭ كەيشىدىن پۇل ئېلىشقا قوشۇلماي، تۇرك ۋەتەندىشى بولغىنىمدىن ئۆچ ئېلىۋاتامدۇ؟

### يۇرتنى سېغىنىش

www.uyghurweb.net

ئىنسان ئۆز ھاياتىنىڭ ئاساسى مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاخىرقى غەنىمەت كۈنلىرىدە تولىمۇ خىيالچان بولۇپ قالىدىكەن. بىر پۈتۈن ھايات لېنتىسى تەقدىر ــ تەقدىر قىسمەتلىرى كۆز ئالدىدىن بىر ــ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلايدىكەن. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتنى، ئۇرۇق ــ ئەۋلاتلىرى ۋە ئەل ــ ئاغىنىلىرى خۇددى شېرىن چۈشتەك كۆز ئالدىغا كېلىدىكەن. بۇ چاغدا، ئانا يۇرتنىڭ مېھرى ــ مۇھەببىتى ھەممىدىن ئىللىق تۇيۇلىدىكەن، ھاياتتا كۆرگەن نى ئېسىل دۆلەت ــ شەھەرلەرنى ئۇنىڭغا تەڭ قىلغۇسى كەلمەيدىكەن. ئادەمنىڭ كۆڭلى ھەممىدىن ۋازكېچىپ ئاشۇ يۇرتقا ساياھەت قىلىدىكەن. ۋەتەن سۆيگىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ۋەتەن داۋاسى دېگەندەك ئۇقۇملارنىڭ دەسلەپكى شەكىللىنىش بۆشىكى تۇغۇلغان جاي ــ ماكان بولسا كېرەك.

مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتۇم ئەرتۇرك ناھىيىسىنىڭ غەربى قىسمىغا جايلاشقان نارىنكىر كەنتىدۇر. نارىنكىرنىڭ ئۆز ئالدىغا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ۋە سېغىندۇرىدىغان گۈزەللىكلىرى بار. شىمالدىكى قاراچۆل تېغى بىزنىڭ قىشلىقىمىز ئىدى. جەنۇپتىكى يېشىل زوركى تېغى بولسا بىزنىڭ ياپلىقىمىز ئىدى. ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىك شىمالدا بىزنىڭ گۈزەل يۇرتىمىز نارىنكىر بولۇپ، قىشلىق تام ئۆيلىرىمىز ئەنە شۇ يەردە ئىدى. شەرقى تەرەپتە دازىگو دېگەن بەل بولۇپ، بۇ يەردىن باشلانغان تۈزلەڭلىك بارغانسېرى كېڭىيىپ بارىكۆلگە تۇتىشىدۇ. يېشىل زوركى تېغىنىڭ كوڭگىرەك دېگەن جىلغىسىنىڭ سۈيى بارىكۆل تەرەپكە ئېقىپ كېتىدۇ. بۇ سۇنىڭ بويىدا ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ۋە چىرايلىق قۇم تاغ بار، ئىككى تەرىپىدە سوجەن ۋە گازارما دېگەن ئىككى بۇلاق سۈيى بار. بۇ يەرلەر ئەتىيازلىق، كۈزلۈك ياپلاقلىرىمىز. قارىغايلىق تاغلار، ياپ ــ يېشىل ۋادىلار، ئوتلۇق ئېدىرلار ۋە سۈيى مول جىلغىلار چارۋا بېقىشقا قولايلىق بولغاچقا بۇ يەردىكىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەتىيازدا قوزىلارنى ئېلىپ بولۇپلا، ئارپا، پۇرچاق، قىچا تېرىشقا باشلايتتۇق. بۇ جايلاردا باھار پەسلىنىڭ مەنزىرىسى بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ. ھاۋانىڭ ساپلىقى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. داڭگىرگۈل، بوراڭگۈللەر قىزىل، يېشىل، كۆك، سېرىق، ئاق رەڭدە ئېچىلىپ، خۇددى رەڭگە ــ رەڭ گىلەملەردەك كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدۇ. بۇ گۈللەر 6 ــ ئايغىچە ئېچىلىپ تۇرىدۇ، سالقىن ۋە ساپ ھاۋادا بۇلبۇل ۋە تورغايلار قانات قېقىپ، چاڭقىلداپ سايراپ تۇرىدۇ. بۇ گۈزەل مەنزىرە كەچ كۈزگىچە داۋام قىلىدۇ. بىز يازلىقى باھاردىلا يېشىل

www.uyghurweb.net

زورگى تېغىنىڭ كوڭگىرەك جىلغىسىغا كۆچۈپ بېرىپ يايلايمىز. ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا كىگىز ئۆيلىرى بولىدۇ، كىگىز ئۆيلىرىنى تىكىپ ئولتۇرىشىدۇ، چارۋىلىرىمىز ئەتراپتا ئوتلايدۇ. ئۆيلەردە قېتىق، سۈت، قايماقلار ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدۇ. كوڭگىرەك ۋە ئۇنىڭ كىچىك جىلغىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قېلىن قارغايلىقلاردا چوغلۇق، قاتقال، قتگۈل، قامچىگۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدۇ. ھەركۈنى سەھەردە چاڭ كەلتۈرۈپ سايراۋاتقان قۇشلارنىڭ ئاۋازى ئەتراپنى باشقىچە جانلاندۇرىۋېتىدۇ. يۇرتىمىزدا مېۋىلىك باغ - ۋارانلار بولسىمۇ، قارىغايلىق ئارىسىدىكى كۆكۈلمەيدانلاردا قوي ئۆلتۈرۈپ، قىمىز مەشرەپلىرىنى قىزىۋېتىمىز. ياشلىرىمىز خوشاللىقىدا قىمىزنى كۆپ ئىچىۋېلىپ مەست بولۇپ يېتىپ قالسىمۇ، سازچىلار توختىماي ساز چېلىپ ناخشىسىنى ياڭرىتىدۇ، باشقىلار توختىماي ئۇسۇل ئويناپ پەيزى قىلىشىدۇ. ئەمما، قىزلىرىمىز بۇ خىل شات - خوراملىق ئىچىدە نامازلىرىنى ھەرگىز تاشلىمايدۇ. كۈز پەسلى كەلگەندە كۈزلۈك يايلاقلىرىمىزغا كۆچۈپ چىقىمىز. بۇ يەردە تېرىقچىلىقلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ، قىشلاقلىرىمىزغا تەييارلىق قىلىمىز. ئاربلاپ چوڭلارغا بىلدۇرمەي ھاراق - شاراپ مەشرەپلىرىنىمۇ ئويناپ قويىمىز. بەرزىدە قازاق قېرىنداشلارنىڭ تويلىرىغا بېرىپ قىزقوۋار ئويناپ، ئوغلاق تارتىشىپ كۆڭۈل ئاچىمىز. قىش كەلگىچە ئوتۇن، ياغاچ، ئوت - سامانلارنى يىغىپ قىشلىق تەييارلىقىمىزنى قىلىمىز. قىش پەسلىدە كېسەك تاملىق ئۆيلىرىمىزگە كۆچۈپ كىرىۋالىمىز، مال - چارۋىلىرىمىزنى مالچىلىرىمىز قىشلاققا - قاراچۆلگە ئېلىپ كېتىدۇ. سوغۇق چۈشكەندە كالا - قويلارنى سويۇپ، گۆشلىرىنى مۇزلىتىپ قويىمىز. كۆكتاتلارنى قۇمۇل، باركۆلدىن ئېلىپ كېلىپ ئورا كولاپ گەمىگە كۆمۈپ مۇزلاتماي ئەتىياز كەلگىچە ساقلاپ يەيمىز، قىشىنچە مەشرەپ ئويناپ چىقىمىز.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇسۇلمانچىلىق ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن بىللە، باي - گاداي دېمەي بىر - بىرىنى تەڭ كۆرۈپ، چوڭ - كىچىك ئۆز ئارا ھۆرمەتلىشىپ، ئىناق ۋە كۆڭۈللۈك ياشاپ كەلگەن ئەۋلاتلىرىمىزغا قايسى زامان خىتاي ئەسكەرلىرى كەلدى، شۇ چاغدىن باشلاپ ئەنسىزلىك ھەمراھ بولدى. مەن كەتكەندىن كېيىن، يىللار داۋاملاشقان ئۇرۇش، ئاچارچىلىق، يوقسىزلىق يۇرتلىرىمىزنى قانداق ھالغا كەلتۈرگىنىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرەلمەيمەن. مۆتىۋەرلىرىمىز:

www.uyghurweb.net

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
مۇساپىر بولمىغان ئىنسان ۋەتەننىڭ قەدرىنى بىلمەس.
دەپ بەكمۇ توغرا ئېيتقانىكەن. ئەنە شۇ گۈزەل يۇرتۇمنى، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىمنى تولىمۇ سېغىندىم، ۋەتەننىڭ قەدرى ھەقىقەتەن بەكمۇ ئۆتۈلدى.
ئاللاھ ھېچكىمنى ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىمىسۇن، ئامىن!

1994 ـ يىلى 1 ـ ئاي
ئىستانبۇل ـ تۈركىيە

خاتىمە

1976 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئىستانبۇلغا كېلىپ تۈركىيە ۋەتەنداشلىقىغا كىرىش ئۈچۈن ئىلتىجا قىلدىم، 1979 ـ يىلى ۋەتەنداشلىق ئىلتىجايىم قوبۇل قىلىندى. مەن دەرھال ئىنىم ھەمدۇللاھ بىر ئۆيلۈك بەش كىشىنى، ئوغلۇم بىر ئۆيلۈك بەش كىشىنى تۈركىيەگە دەۋەت قىلدىم. ئەمما، دەۋەتكە (چاقىرىق قەغەزگە) خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئىمزاسى كېرەكمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەنقەرەگە بېرىپ خىتاي ئەلچىخانىسىدىن قول قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. بۇ چاغدا جاڭ ۋە خەن فامىلىلىك ئىككى خىتاي ئەمەلدار مەن بىلەن سۆھبەتلىششىنى تەلەپ قىلدى، مەن ئەلچىخانا ئىچىگە كىردىم ۋە كىرىپ قارىسام شىرەگە مېۋە سۇيى، تاتلىق تۈرۈملەرنى تىزىپ قويۇپتۇ.
سۆھبىتىمىز تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولدى:
- سىز تۈركىيەگە قەيەردىن كەلدىڭىز؟
- 1976 ـ يىلى تەيۋەندىن كەلدىم.
- تەيۋەندە نېمە ئىش قىلاتتىڭىز؟
- مىللەت ۋەكىلى ئىدىم.
- مەملىكەتتە نېمە ئىش قىلاتتىڭىز؟ تەيۋەنگە قاچان بارغان؟
- مەن قۇمۇل ۋىلايىتى ئەرتۈرك ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىدىم. 1950 ـ يىلى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ قىلمىشلىرىدىن نارازى بولۇپ ئۆلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدىم. 6 ئايدىن كېيىن ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قاچتىم. گەنسۇ، تىبەت، ھىندىستان، سىنگاپۇر، فىلىپپىنلەردىن ئۆتۈپ تەيۋەنگە باردىم.

www.uyghurweb.net

- تەيۋەن ھۆكۈمىتى سىلەرگە قانداق مۇئامىلىلەردە بولدى؟

- يولۋاس بەگكە تەيۋەندە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىكىنى بەردى. ئۇنىڭغا تەيۋەن ھۆكۈمىتى ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى ۋە ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىگە ناھايىتى ئېتىۋار بەردى. مەن تەيۋەندە ھېچبىر تەلەپلەردە بولماي، ئۆزەمنىڭ مىللەت ۋەكىللىكىمنى قىلدىم. مەن ئايرىلغىلى ئۇزۇن يىللار بولغان ئوغلۇمنى تۈركىيىگە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن تۈركىيەگە كەلدىم.

- ئوغلىڭىزنى ئېلىپ تەيۋەنگە قايتىپ كېتەمسىز - يوق؟

- تەيۋەن كىچىك بىر ئارال، ئۇ يەردە جان بېقىش تەس.

- ئوغلىڭىزنى ئېلىپ كەلگىچە، ئۆزىڭىز شىنجاڭغا قايتىپ كەتسىڭىز بولمامدۇ؟

- مەن شۇنچىلا ئىش چىقىرىپ قويۇپ يەنە شىنجاڭغا قانداق بارىمەن؟

- ئۆتكەن ئىش ئۆتۈپ كەتتى، ئۆتكەن ئىشقا ھېچ كېرەك يوق.

ئۇلار مەندىن بىرمۇنچە سۇئاللارنى سوراپ، ئاندىن كېيىن قول قويۇپ بەردى. مەن رەھمەت ئېيتىپ قايتتىم ۋە دەۋەتنى پوچتا ئارقىلىق دەرھال مەملىكەتكە ئەۋەتتىم. 1983 ـ يىلى ئوغلۇم ھەمدۇللاھ بىلەن چوڭ نەۋرەم ئەھمەتكە تۈركىيىگە چىقىشقا دەۋەتنامە ئەۋەتتىم. ئۇلار ئەرتۈركتىن قۇمۇلغا چۈشۈپتۇ، ساقچى ئىدارىسىدىن ئوغلۇمغا «ئۈرۈمچىگە بېرىپ پاسپورتىڭلارنى ئېلىپ ئاندىن يولغا چىقىڭلار» دەپتۇ ۋە بۇ ئىشقا مەسئۇل بولغان بىر بۆلۈم باشلىقى خىتاي ئوغلۇم بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگىچە بېرىپتۇ. ئۇلار ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن، ئوغلۇمنى ئۇزىتىپ ئۈرۈمچىگە بىللە بارغان تاغىسى ھەمدۇللاھ باشلىق تۆت نەپەر تۇققاننى باشقا يەردە يېتىڭلار دەپ ئايرىۋېتىپ، ئوغلۇم ھەمدۇللاھ بىلەن نەۋرەم ئەھمەتنى ئايرىم مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئەتىسى ئۇلارنى ئۈرۈمچىدە بىر كۈن ئوينىتىپتۇ. ئەتىسى شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى نازىرى ۋاڭ نازىر ۋە ئىككى مۇئاۋىنى، بىر تەرجىمان كېلىپ ئوغلۇم بىلەن سۆھبەتلىشىپتۇ. سۆھبەت جەريانىدا ئۇلار ئوغلۇمغا: «داداڭ شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ئازادلىق ئارمىيىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقىپ، نۇرغۇنلىغان باتۇر جەڭچىلىرىمىزنى قىرىۋەتكەن. ئۆتكەن ئىش ئۆتۈپ كەتتى، داداڭ كەلسە بۇرۇنقى ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەيمىز، داداڭغا نەسىھەت قىل، قايتىپ كەلسۇن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپتۇ. ئوغلۇم: «بىز بارلىق تۇققانلار

www.uyghurweb.net

دەۋەت قىلساقمۇ ئۇ كەلگىلى ئۇنىمىدى، شۇڭا مەن كېتىۋاتىمەن» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئامالسىز ئوغلۇمنى يولغا سېلىپ قويۇشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. كېيىنمۇ خىتايلار مېنى شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كۆپلىگەن چارىلەرنى ئىشقا سالدى. مېنى بېيجىڭغا يىغىنغا دەۋەت قىلدى، ھەتتا قۇمۇلدىن قىز تېپىپ ئۆيلەپ قويماقچىمۇ بولدى. ئەمما، مەن زادىلا ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەي، ئۆزەمنىڭ شەرىپىنى قوغداپ كەلدىم.

مەن تۈركىيىدە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ياۋرۇپادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەرنى، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنى ۋە ياپونىيەلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدىم. دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ئارىلاپ يۈرگەن چاغلىرىمدىمۇ مۇقەددەس ۋەتىنىم شەرقى تۈركىستان، شۇنداقلا كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا يۇرتۇم ئەرتۈرك كۆز ئالدىمدىن پەقەت كەتمىدى. يۇرتۇمنىڭ ھەر بىر قەدەم تۇپرىقى ماڭا خۇددى جەننەت كەبى تۇيۇلىدۇ!

ئاللاھ ھېچكىمنى ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىدىن ۋە مۇقەددەس يۇرتىدىن ئايرىمىسۇن! ئامىن!

كونىلار: «كىشى يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول» دەپ ھەقىقەتەن توغرا ئېيتقان ئىكەن.